ISSN: 2602–389X ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئونىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال




# ئىزدىنىش

2022 - يىللىق 2 - سان ئومۇمىي 15 - سان

# مۇھاجىرەتتىكى نەشرىياتچى ـ ئابدۇجېلىل تۇران ئەپەندىم














ئابدۇجېلىل تۇران ئەپەندىمنىڭ مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنى تونۇشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قاتناشقان بەزى پائالىيەتلىرىدىن خاتىرىلەر

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

## ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر؛
2. ئىجادىي ئەسەرلەر؛
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر؛
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار؛
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر؛
6. مەلۇم رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)؛

## ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مەنبە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

## ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل- يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

## ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋىي كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.izdinish.org

# ئىزدىنىش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net


## ئىجادكارلىرىمىز


كىتابقا بېغىشلانغان بىر ئۆمۈر ئابدۇجېلىل تۇران ........ 6
ئۇيغۇر تەزكىرەشۇناس شېرىپ نىياز خۇشتار ........ 12
مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئىلاخۇن جەلىلوۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ........ شائىرەم باراتوۋا (قازاقىستان) 15
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاتاقلىق تەرغىباتچىسى ئابدۇراخمان شائىر ........ مىر ئەھمەد سېيىت ھاجىم 45


## نەسرىي ئەسەرلەر


بىباھا سوۋغا ........ ئە. ئازات 10
جەم بولۇش ........ مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەد خەندان (تۈركىيە) 22
پويىزدا ........ نۇرىيە راھمان (شىۋىتسارىيە) 27
مەن سېنى سۆيگەن ئىدىمغۇ ........ تېلمان نۇراخۇنوۋ (قازاقىستان) 67


## شېئرىيەت گۈلزارى


ئىككى شېئىر ........ ئىلاخۇن جەلىلوۋ (قازاقىستان) 20
مەن لۇتپۇللا ئەۋلادى ........ مولوتجان توختاخېنوۋ (قازاقىستان) 21
كۆز نەزمىسى ........ سەرۋى (ئامېرىكا) 21
تۇزان قەسىدىسى ........ ئوسمانجان ساۋۇت 26
مەغلۇبىيەت دەپتىرىگە ئىلاۋە ........ نىزار قەببانىي (سۇرىيە) 42
ئەرەبچىدىن يەتكىن تەرجىمىسى
شېئىرلار ........ سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان) 44


## باللار ئەدەبىياتى


شۇبۇرشۇننىڭ سۇئىسلوپچ دەرياسىدىكى ساياھىتى ........ ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلارۇس) 40
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ ( قازاقىستان)
ئىككى ناخشا ........ ئاۋۇت مەسىموۋ (قازاقىستان) 41



2022 ـ يىللىق 2 ـ سان
ئومۇمىي 15 ـ سان
ISSN: 2602-389X

ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى
مۇرات ئورخۇن

تەھرىر ھەيئىتى
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخۇنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
دىلدۈز تېلمان (ئامېرىكا)

خەتتات
نۇر ئەفۋان

بەتچىك
ئالىمجان ئىبراھىم

## سالامەتلىك ۋە پسىخولوگىيە

ئۇيغۇر تېبابىتىدە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى ........................................... مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى (تۈركىيە) 58
مۇھەببەت بىر خىل سەنئەتمۇ؟.................................................................................................. ئېرىك فىروم (ئامېرىكا) 61
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى سەمىرە ئەركىئۇيغۇر (تۈركىيە)

## ماقالە ۋە ئوبزورلار

ئابدۇقادىر جالالىدىن؛ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر ............................................................................ ئابدۇقادىر جالالىدىن 33
غەرب باشلانغۇچ مائارىپى توغرىسىدا قىلغانلىرىم.......................................................................... رەنا غوپۇر (ئاۋستىرالىيە) 38
بىزنىڭ كاتالوگلىرىمىز............................................................................................. مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 73

## دۇنيادا ئۇيغۇر مەدەنىيتى

«قازان بېشىدىن ئۈزايدىغان» مېھمانلار ........................................................ مىرزەخمەت مۇھەممەت (شۋېتسىيە) 65

## تەپەككۇر كۆزنىكى

«ئەقلىيە سۆزلەر ................................................................................................. مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە) 78

## كىتاب ئۇچۇرلىرى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر


مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدۇق ............................................................................ مۇھەممەد ئەمىن نۇرىدىن (تۈركىيە) 79
«بىلىم – كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى تۇنجى سانى نەشىر قىلىندى .......................................................................................... 81

مۇقاۋىدا قازاقىستانلىق ئۇيغۇر رەسسام ھاشىم قۇرباننىڭ «دۇتارچى بوۋاي» ناملىق ئەسىرى



ئاپتورلىرى يېزىلمىغان ئەسەرلەر «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى تەرىپىدىن تەييارلانغان

ژۇرنىلىمىزنىڭ نەشر ھوقۇقى قوغدىلىدۇ، «رۇخسەتسىز» بېسىپ تارقاتسا ياكى تىجارەت مەقسىتىدە قوللانسا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى (PDF) رۇخسەتسىز تارقىتىشقا بولىدۇ.



# كىتابقا بېغىشلانغان بىر ئۆمۈر ئابدۇجېلىل تۇران*

مەن، ئابدۇجېلىل تۇران 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خوتەن شەھەر ئىچىدە يۇقىرى قاتلام دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يىللار ئىنتايىن زۇلمەتلىك يىللار بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى بىر تەرەپتىن سىياسىي بېسىم، يەنە بىر تەرەپتىن يوقسۇزلۇق، ئاچارچىلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. خەلقكە باي دېھقان، پومېشچىك، زومىگەر، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇرژۇئ ئۇنسۇر، يەرلىك مىللەتچى، چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر ۋە ئوڭچىلار دېگەندەك قالپاقلار كىيگۈزۈپ كۈرەشكە تارتىلاتتى. بايلارنىڭ مال - مۈلكى تارتىۋېلىنىپ، تۈرمىلەرگە قامالاتتى، ئۆلتۈرۈلەتتى. 1958 - يىلى، مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن مەدرىسە مائارىپى چەكلىنىپ، مەدرىسەلەر تاقىلىپ، دىنىي ئۆلىمالار ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئومۇمەن، خەلق ئەنسىزلىك ئىچىدە كۈن كەچۈرەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان، دىنىي كىتابلار قاتارىدا تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ چەكلەنگەن ۋە يوق قىلىنغان ئىدى. 1950 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە،ت شەرقىي تۈركىستاندا ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا(ئاساسەن تاشكەنتتە) بارلىققا كەلگەن ھېكايە، رومان، شېئىر توپلاملىرى سېرىق كىتابلار دەپ قارىلىپ يوق قىلىنغان ۋە كۆيدۈرۈلگەن ئىدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز، ناخشا- مۇزىكىلىرىمىز ئېغىر قىسمەتكە دۇچار بولغان ئىدى. نەشرىيات، مەتبۇئات ساھەسى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى»دىن باشقا ھېچقانداق تەشۋىقات ئورنى يوق ئىدى. ئەگەر 1960 - يىللاردىن 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەدەبىيات بار دېيىلسە، ئۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات پەقەتلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى كۈيلەش، ماۋزېدۇڭنى ماختاش ۋە مەدەنىيەت .ئىنقىلابىدىكى «سانسۇ» ۋە «سانشىڭ» دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ بىر - بىرىنى ھەجۋىي قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇ يىللاردا مەخپىي ساقلىنىپ قالغان، ئۆزبېك يازغۇچىسى ئابدۇللاھ قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» ۋە «مېھرابتىن چايان» قاتارلىق رومانلىرىنى بەزى ھەۋەسكارلارنىڭ قولىدا كۆچۈرۈپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

1970 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئازدۇر - كۆپتۇر ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ھەقتە قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئابدۇللاھ تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى»، خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق رومانلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى رومان دېيىش مۇمكىن. مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم ئەنە شۇنداق زۇلمەتلىك، ئەندىشىلىك، پاراكەندىچىلىك، ئاچارچىلىق يىللارغا توغرا كەلگەچكە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى سىنىپىدىن كېيىن

* ئابدۇجېلىل تۇران ئەپەندىم بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت بولۇپ، بۇ ئەسەردە ئەپەندىمنىڭ ئاساسلىق نەشرىياتچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرىگە يەر بېرىلدى ۋە سۆھبەت جەريانىغا تىلغا ئېلىنغان بەزى شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى تولۇق يېزىلمىدى.

ئوقۇشۇم توختاپ قالغان ئىدى. 1970 - يىللارغا كەلگەندە ئائىلىدە قۇرئان ئوقۇش ۋە چاغاتايچە دىنىي، ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدىم. 1974 - يىلىغا كەلگەندە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ئۇ چاغدا دەرس قىلىپ ئۆگىنىدىغان كىتابلار كەمچىل بولۇپ، بەزى كىتابلارنى قولدا كۆچۈرۈپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. 1977 - 1978 - يىللىرى خوتەندە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا توققۇز ئاي ئوقۇدۇم ۋە بىر يىل ئەمەلىي ئىشلىدىم. 1980 - 1981 - يىللىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش پىلانلانغان، مىلادىيە 1058 - يىلى تۇس شەھىرىدە دۇنياغا كېلىپ، 1111 - يىلى ۋاپات بولغان ئىمام غەززالىنىڭ «ئىھيائۇئۇلۇمىددىن «(دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش) ناملىق كىتابى بىلەن، 1564 - يىلى ھىندىستاننىڭ سىرھىند ناھىيەسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1624 - يىلى ۋاپات بولغان ئىمام رەببانىي نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەھمەد سىرھىندىي دېگەن كىشىنىڭ «مەكتۇبات» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى مەرھۇم ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد سالىھ داموللام تەرىپىدىن خوتەننىڭ ئەينى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر ئۆلىماسى، ئۇستازىم مەرھۇم ئابدۇللاھ قارى داموللامغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇ كاتىپلىققا مېنى تەكلىپ قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى كىتاب ئەرەبچە ئىدى. كىتابنى داموللام ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى، مەن يازاتتىم. شۇنداق قىلىپ «مەكتۇبات»نىڭ بىر تومىنى (كىتاب جەمئىي ئىككى توم ئىدى)، «ئىھيائۇئۇلۇمىددىن» ناملىق كىتاب ئەسلى بىز تەرجىمە قىلماقچى بولغان نۇسخا تۆت توم بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ خېلى كۆپ قىسمىنى تەرجىمە قىلغان ئىدۇق. بۇ كىتابلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولدى، بىلمەيمەن. 1970 -يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يېڭى چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئۆزبېك يازغۇچىسى ئابدۇللاھ قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» ۋە «مېھرابتىن چايان»، ئابدۇللاھ تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى»، خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق كىتاب ۋە رومانلارنى مەن دەسلەپ ئوقۇغان كىتابلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى، «بۇلاق»، ژۇرنىلى ۋە يېڭى چىققان ھېكايە توپلاملىرى، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى ..... ئوقۇيتتىم. 1983 - يىلى يىلى 7 - ئايلاردا، مەرھۇم دادام بىلەن تۇنجى قېتىم ۋەتەندىن ئايرىلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قاراپ ئۇچتۇق. مەككە ۋە مەدىنىدە ھەج پائالىيەتلىرىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن يىل ئاخىرىغىچە شۇ يەردە تۇرۇپ قالدۇق. بۇ جەرياندا، 1949 - يىلى ۋەتەندىن قېچىپ چىقىپ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي، مۇھەممەد سابىت داموللام، ئۇستاز مۇھەممەد قاسىم داموللام قاتارلىق سەئۇدى ئەرەبىستاندا كۆزگە كۆرۈنگەن نەچچە ئونلىغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدە بولۇپ تۇردۇم. 1983 - يىلى يىل ئاخىرىدا

تۈركىيەگە بېرىپ، ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدا ئىككى ئايدەك تۇرغاندىن كېيىن، پاكىستانغا قايتتۇق. پاكىستاندا ئالتە - يەتتە ئاي تۇرۇپ، 1984 - يىلى 12 - ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئون بالا بىلەن مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھىرىگە باردۇق. مىسىرغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن، ھەرخىل ئىرقتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەل ئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئوقۇشىمىزنى باشلىۋەتتۇق. بىز 1950 - يىللاردىن كېيىن ئۆز ئىمكانىيىتى ۋە ئۆز خىراجىتى بىلەن مىسىرغا ئوقۇشقا كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھېساپلىناتتۇق. مىسىردا ئىككى يىل ئوقۇپ، 1987 - يىلى تۈركىيەگە قايتىپ كېلىپ تۈرك ۋەتەنداشلىقىغا ئىلتىماس قىلدىم. تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزلىكىمدىن تۈرك تىلى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ تۇردۇم. بۇ يىللاردا ئوقۇغان كىتابلىرىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» قاتارلىق شۇ يىللاردا ۋەتەندە نەشر قىلىنغان ۋە تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەن نەچچە ئون پارچە كىتاب ئىدى.

تۈركىيەدە تۇرۇش جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى ۋە مەرھۇم ئىيسا يۈسۈف ئەپەندىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، چەكلىك دائىرىدە بولسىمۇ ئۇلارغا ھەمكارلاشتىم ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگەندىم. شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە ۋە تۈركچە تىللاردا يىلدا تۆت سان چىقىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلى مېنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشۇمدىكى ئاساسلىق ۋاستە ئىدى.

1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرك ۋەتەنداشلىق ئىشىم ھەل بولۇپ، تۈركىيە پۇقراسى بولغاندىن كېيىن، شۇ يىلى خوتەنگە بېرىپ ،ئايرىلغىلى ئالتە يىلدىن ئاشقان ئاتا - ئانامنى، مەن 1983 - يىلى خوتەندىن ئايرىلغاندا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قالغان، تۇنجى ئوغلۇم ئابدۇلمەجىدنى، تۇغقانلىرىمنى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىمنى كۆرۈپ كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تىجارەت ئىشى بىلەن 1992 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭلەرگە بېرىپ - كېلىپ تۇردۇم. بۇ جەرياندا، بېيجىڭدىكى پىروفېسسور، ئاتاقلىق تىلشۇناس مەرھۇم خەمىت تۆمۈر (بۇ كىشى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بولساممۇ باشقىلار ئارقىلىق ئالاقىلاشقان)، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن مەرھۇم ھاجى ياقۇپ، مەرھۇم ئەمىن تۇرسۇن، ياشلار نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى مەرھۇم ئەنۋەر داۋۇت (مەرھۇم ئەنۋەر داۋۇت ماڭا 1985 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى»نى تەقدىم قىلغان ئىدى، ئۇنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن)... قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەتىنىمىز ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان يېڭى - يېڭى تارىخىي، ئىلمىي

كىتابلارنى ئالغاچ بېرىپ ئۇلارغا سوۋغات قىلاتتىم ھەمدە ھەر قېتىم تۈركىيەگە قايتىشتا ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان تارىخىي، ئەدەبىي كىتاب - ژۇرناللارنى ئېلىپ كېلەتتىم. بۇ 30 - 40 يىلدىن بۇيان بەش مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب توپلىدىم، بۇ كىتابلاردىن پەقەت ئۆزۈملا پايدىلانماستىن، تۈركىيەدە ۋە باشقا ئەللەردە ۋەتىنىمىز ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە يازماقچى بولغان تەتقىقاتچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىپ تۇردۇم ياكى كۆپەيتىپ بەردىم، ئۇندىن باشقا تۈركىيەدىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىلارغا ۋە بەزى شەخسلەرگە سوۋغات قىلدىم، ھازىر شەخسىي كۇتۇپخانامدا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن باشقا دىن، ئەدەبىيات، تارىخ، سىياسەت ۋە پەلسەپەگە ئائىت ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە ھەتتا خىتايچە تىللاردا 2000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا. ساقلىغان كىتابلىرىمدىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، 2000 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر 400 پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى سىكايىن قىلىپ، ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرۋەپ نەت قاتارلىق تور بەتلىرىنى قۇرۇپ تارقاتتىم. گەرچە مېنىڭ تور بەتلىرىم تاقىلىپ قالغان بولسىمۇ، ھازىر ھەر قايسى تور بەتلىرىدە تارقىلىۋاتقان كىتابلارنىڭ 80 %ى مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۆزۈمنىڭ تور بېتىدە تارقاتقان كىتابلاردۇر.

******

مەن 1992 - يىلدىن باشلاپ، ئىزچىل تۈردە تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە، مەدەنىي، ئىلمىي يىغىنلارغا، تەتقىقات يىغىنلىرىغا تولۇق قاتنىشىپ كەلگەندىن سىرت، ھەرقايسى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ كەلدىم.

1994 - 1995 - يىللىرىغا كەلگەندە گېرمانىيەدىكى ئابدۇجېلىل قاراقاش «تامچە» ناملىق بىر ئىلمىي ژۇرنال تەسىس قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ژۇرنالنى بېسىپ تارقىتىش ۋە ماقالە يېزىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم.

مەن 1995 - يىلدىن باشلاپ نەشرىياتچىلىققا كىرىشتىم، دەسلەپ نەشر قىلغان كىتابلار مەن يازغان «ھەج قائىدىلىرى»، مۇھەممەد يۈسۈفنىڭ «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»، تاتار ئالىمى قازى رىزائىددىنىنىڭ «شەرھى جاۋامىئۇلكەلىم» ناملىق كىتابىدىن تاللاپ ئېلىنغان «40 ھەدىس شەرھى» قاتارلىق كىتابلار ئىدى. يۇقىرىدىكى كىتابلار تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەۋەسكارلار ئۆزلىرى يازغان ياكى تەرجىمە قىلغان كىتابلىرىنى ئەۋەتىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن نەشر قىلىنىدىغان كىتابلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، سۈپىتى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدى. دەسلەپتە چىقارغان كىتابلار ئاساسەن دىنىي كىتابلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاستا - ئاستا باشقا ساھەلەرگە ، يەنى تارىخ، ئەدەبىيات، سىياسەت ساھەسىگە قاراپ مەزمۇن دائىرىسى خىلمۇ-خىللىشىپ ماڭدى. 2015 - يىللىرىغىچە نەشر قىلىنغان كىتابلار كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ ياكى ساخاۋەتچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن باستۇرۇلۇپ ھەقسىز تارقىتىلاتتى، ھەتتا باشقا ئەللەرگىمۇ ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلىنماستىن ئەۋەتىلەتتى. 2000 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان)غا كىتاب ئەۋەتىشكە ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىلدى. 1998 - يىلى گېرمانىيەدىكى ئابدۇجېلىل قاراقاش يەنە «ئۇچقۇن» ناملىق گېزىت تەسىس قىلغان بولۇپ، مەزكۇر گېزىتنىمۇ بېسىپ تارقىتىش ۋە ماقالە يېزىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم. بۇ گېزىت يېرىم ئايلىق گېزىت بولۇپ، 39 سان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن توربېتى ئارقىلىق تارقىتىلىشقا ئۆزگەردى. گەرچە ئابدۇجېلىل قاراقاش ئۆزى يېزىقچىلىق ياكى تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ باشقىلارنى تەشكىللەپ، 1995 - يىلدىن بۇيان ئىزچىل تەشۋىقات ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە بۇ كىشىنى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

مەن 1995 - يىلدىن 2000 - يىلىغىچە نەشر قىلىپ تارقاتقان كىتابلارنى شەخسىي نامىمدىن بېسىپ تارقاتتىم، ھېچقانداق نەشرىيات ئىسمى ئىشلەتمىدىم. 2000 - يىلىغا كەلگەندە، ئۆزۈم ئۆيلىنىش ۋە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» دېگەن ئىسىم بىلەن كىتاب نەشر قىلىشقا باشلىدىم. «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» غەيرى تىجارى نەشرىيات بولۇپ، نەشرىياتنىڭ مەقسىتى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە مەنىۋى خىزمەت قىلىشنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي .مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

مەن 1995 - يىلدىن بۈگۈنگە قەدەر 250 پارچىدەك كىتاب ۋە كىتابچە نەشر قىلدىم. 24 يىلغا يېقىن بۇ نەشرىياتچىلىق جەريانىدا بىھۇدە چىقىملارنى ئازايتىش ئۈچۈن مەن ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئۆز ئۆيۈمدە قىلدىم. باشقىلارغا قىلدۇرىدىغان ئىشلار بولسا قولىغا بېرىپ، تېگىشلىك ھەققىنى بەردىم. بۇ ئارقىلىق تېجىلىپ قالغان كۆپ مىقداردىكى پۇل نەشرىيات ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان كىشىلەرگە بېرىلدى.

1998 -يىلى 12 - ئايدا تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە تۇنجى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، مەن قۇرۇلتاينىڭ دىنىي ئىشلار رەئىسى بولۇپ سايلاندىم. شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئېستونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قۇرۇلتىيىدا قۇرۇلتاينىڭ تەپتىش ئەزاسى بولدۇم.

1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى دادام مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم خوتەندە ۋاپات بولدى. ھايات ۋاقتىدا يېنىدا تۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر

ئالالمىغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ۋاپات بولغاندا نامىزىغا ۋە دەپنىگە ئىشلىرىغا قاتنىشالمىدىم. بۇ يەردە تۇنجى ئۇستازىم مەرھۇم دادامنى سېغىنىش بىلەن ياد ئېتىمەن.

1995 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» ژۇرنىلى، «تامچە» ژۇرنىلى، «ئۇچقۇن» گېزىتى، 1995 -يىلى «بىرلىك» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تۈركىيەدىكى ۋاكالەتچىسى بولدۇم ھەمدە مەزكۇر گېزىت - ژۇرناللاردا تۈرلۈك ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردۇم.

1999 - 2000 - يىللىرى ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى بولدۇم. 2005 - يىلى بارىن ئىنقىلابىنىڭ 15 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بارىن ئىنقىلابى توغرىسىدا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنى توپلاپ چىقتىم. بۇ ماقالىلەر «بارىن ئىنقىلابىنىڭ 15 يىلى» دېگەن نامدا كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب بارىن ئىنقىلابى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار ۋە مەزكۇر تېمىغا قىزىققۇچىلار ئۈچۈن بىردىنبىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ كەلمەكتە. 2006 - يىلى گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا قۇرۇلتاينىڭ نەشرىيات ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى رەئىسى، 2009 - يىلى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا قۇرۇلتاينىڭ نەشرىيات بۆلۈمى رەئىسى بولدۇم ۋە بۇگۈنگە قەدەر مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىمەن. 2010 - يىلىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدۇم. ھازىر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نەشرىيات ئىشلىرى رەئىسى، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ رەئىسى، «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىمەن.

تۇرغۇن ئالماس تەرىپىدىن يېزىلىپ 1989 - يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇشى ۋە ئۆيلىرىدە ساقلىشى چەكلەنگەن «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابنى 2010 - يىلى نەشرگە تەييارلاپ چىقتىم. بۇ كىتاب شۇ يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇندىن باشقا، 2017 - يىلى يەنە تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىنى «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاب بىلەن قوشۇپ تەييارلاپ چىقتىم. بۇمۇ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن 2017 -، 2018 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم بېسىلدى.

2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ۋېنگىرىيەنىڭ پايتەختى بوداپېشت شەھىرىدە ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ۋېنگىرىيەنىڭ پايتەختى بوداپېشتتە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر يىغىنىغا قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلاردىن ۋە ئىلمىي تەتقىقاتچىلاردىن قازاقىستاندا چىقىدىغان جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى يولداش ئەزىمەتوۋ، يازغۇچى ۋە جامائەت ئەربابى رابىك ئىسمائىلوف، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى خەمىت ھەمرايېۋ، ئاتاقلىق شائىر ئابدۇغۇپۇر قۇتلۇق، ناشىر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئەلشىر خەلىلوۋ، كانادادىن تارىخچى پىروفېسسور، دوكتور تامارا ئالى باقىيېۋا خانىم، قىرغىزىستاندىن تۇرسۇن ئىسلام، تۈركىيەدىن پىروفېسسور سۇلتان مەھمۇد قەشقەرىي ۋە مەن - ئابدۇجېلىل تۇران، ئاۋستىرالىيەدىن يازغۇچى سۈيۈنگۈل سالىخ چانىشېف خانىم، شېۋىتسىيەدىن يازغۇچى ئابدىرېشىت ھاجى كېرىمى قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتۇق.

2013 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، كۆرۈشمىگىلى 16 يىل بولغان ئانام خوتەندە ۋاپات بولدى، ئەپسۇس ئانامنىڭ جىنازىسىنىيى كۆتۈرۈش نېسىپ بولمىدى. مۇھاجىرەتتىكى نۇرغۇنلىغان تۇنۇش-بىلىشلەر، ئۇيغۇر سەرخىللىرى، مۇيەسسەپتىلەر ۋە زىيالىلار ئەھۋال سورىدى ۋە تەسەللىي بەردى، ھەممىسىگە تەھمەت ئېيتىمەن.

2015 - يىلى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋاپاتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىپ كەلگەن، ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنمىغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تاللاپ «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابنى سۈپەتلىكباستۇردۇق ھەمدە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق.

2016 - يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدىكى بىرقانچە زىيالىي دوستلارنىڭ تەكلىپى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ناملىق ژۇرنالنى تەسىس قىلدىم. ژۇرنال يېرىم يىللىق، يەنى يىلدا ئىككى سان چىقىرىش پىلانلانغان بولۇپ، 2016 -، 2017 - يىللىرى پىلان بويىچە تۆت سان ژۇرنالنى چىقىرىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. گەرچە كېيىنكى يىللىرى باشقا ئىشلارنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن ژۇرنال توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىن كەلگۈسىدە يەنە داۋاملاشتۇرۇش پىلانىم بار.

2016 - يىلى، ئوتتۇرا ئەسىردە سەمەرقەنتتە ياشاپ ئۆتكەن ئەبۇەللەيس سەمەرقەندى دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان «بوستانۇلئارىفىن» ناملىق ئەخالقىي، دىداكتىك ئەسەرنى ئەرەبچە، تۈركچە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ .ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدىم.

2017 - يىلى، مۇھاجىرەتتىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشلۇقى ئۈچۈن «ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەت» ناملىق بىر كىتابچە يېزىپ نەشر قىلدىم. بۇ كىتابنى مۇھاجىرەتتىكى تىل كۇرسلىرى ۋە قۇرئان كۇرسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك

دەرس پىروگراممىسىغا كىرگۈزدى. مېنى سۆيۈندۈرگىنى، بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەردە زور قىزىقىش پەيدا قىلدى، ئۇلارنىڭ بۇ كىتابقا بولغان باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. 2019 -يىلى، ئابدۇلھېكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى توپلاپ «كۆرەشچان ئەجدادلار» دېگەن ئىسىم بىلەن ناھايىتى سۈپەتلىك باستۇرۇپ تارقاتتىم. بۇ كىتاب ئابدۇلھېكىم باقى ۋاپات بولۇشتىن ئون نەچچە كۈن بۇرۇن قولىغا تەگكەن ۋە بەك مەمنۇن بولغان ئىدى.

2019 -يىلى يەنە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنى يېزىپ تاماملىدىم.

مەزكۇر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ۋە كەڭ تارقالدى. يەنە شۇ يىلى مۇھاجىرەتتىكى ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن 1 -، 2 - باسقۇچلۇق ئىككى قىسىملىق «ئەدەبىيات» دەرسلىكى تۈزۈپ تارقاتتىم ۋە بۇ كىتابلارمۇ ئالقىشقا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە، ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ داۋامىنى تەييارلاش بىلەن بىللە، شەرقىي تۈركىستاندا ۋە مۇھاجىرەتتە ياشاپ ئۆتكەن دىنىي ئۆلىمالار، سىياسىي ئەربابلار، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى توپلاپ كىتاب چىقىرىش ھەققىدە ئىزدىنىۋاتىمەن.

2022 - يىلى سېنتەبىر، ئىستانبۇل

# بىباھا سوۋغا

ئە.ئازات

سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر.
–ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن

كىتاب ئۈستىلىم ئۈستىدە بىر ماي بوياق قەلەم تۇرۇپتۇ.گەرچە ئۇ قەلەم ئادەتتىكى بىر قەلەم بولسىمۇ بىراق بۇ قەلەم مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك.چۈنكى ئۇنى بىلىم ئىشتىياقى بار،كىتاب خۇمار بىر سىڭلىمىز سوۋغا قىلغان.

قايسى بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇراتتىم. ئىشىك يېنىك چېكىلىپ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى،بېشىغا ياغلىق ئارتقان،ئوتتۇرا بوي،بىر جۈپ كۆزى چاقناپ تۇرغان، تىرىشچانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرغان، سىرتتىن سالام سائەت قىلىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ئەزەلدىن باردى-كەلدى قىلىشمايدىغان بىر قىزنىڭ ئالتە ياشلار چامىسىدىكى ياشلىرى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئىككى ئوغلىنى باشلاپ تۇيۇقسىزلا ئۆيىمىزگە كىرىشى مېنى ھەيران قالدۇردى. بىز سالام سەھەتتىن كېيىن ئۆز ئارا ھال- ئەھۋال سوراشتۇق. مەن كۆڭلۈمدە: «نېمە ئىش بىلەن كىرگەن بولغىيتتى؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا ئۇ قىز سۆز ئېچىپ،مېنىڭ تېخى يېڭىلا پەقەت ئەتراپىمدىكى دوست-بۇرادەرلىرىمگە،مېنى تونۇيدىغان يېقىنلىرىمغىلا خاتىرە تەرىقىسىدە سۇنماقچى بولغان «مەن ۋە دادام» ناملىق ئەرزىمەس كىتابىمنىڭ نەشرىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ،نەدىن سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپ كىرىپتۇ. مەن ئۇ قىزنىڭ كىتابقا بولغان قىزىقىشىدىن سۆيۈنۈپ،كىتابىمدىن بىرنى خاتىرە ئورنىدا ھەدىيە قىلدىم.ئۇ قىزمۇ كىتابىمنىڭ نەشرىدىن چىققانلىقىنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،ئۇنىمىغىنىمغا - ئۇنىماي كىچىك بىر قەغەز خالتىنى سوۋغا سۈپىتىدە ئايالىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ،شۇنچە زورلىساقمۇ بىر پىيالە چايمۇ ئىچمەستىن ئالدىراش ئىشى بارلىقىنى باھانە قىلىپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئىككى يىلدىن بۇيانقى تىرىشچانلىقىمغا قېلىنغان بۇ تۇنجى سوۋغاتنى ئېچىپ ھەيران قالدىم ۋە ئۆزۈمنى خۇددى گۈزەل بىر باغقا كىرىپ قالغاندەك شۇنچىلىك يېنىك ھېس قىلدىم.چۈنكى ئۇ قىزنىڭ سوۋغا قىلغىنى نەپىس ئىشلەنگەن قۇتىغا سېلىنغان،كۆمۈش رەڭلىك چىرايلىق بىر دانە ماي قەلەم ئىدى.مەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆز-ئۆزۈمگە «بىلىم ئىشتىياقى بار ئادەملەر باشقىچە كېلىدىكەن دېسە!» دەپ پىچىرلىدىم-دە، بۇ ئاددىي ھەم ئۆزگىچە قەلەمنى قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە ئاۋايلاپ كىتاب ئۈستىلىمگە تىزىپ قويدۇم.

ئەلۋەتتە،بىراۋنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش،تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلىش، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بويان ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى.

بىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بىزگە سىڭىپ كىرگەن تۇغۇلغان كۈن، 8 - مارت ئاياللار بايرىمى، 4 - فېۋرال ياشلار بايرىمى، يېڭى يىل..... غا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان بايراملارنى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىمىزدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە تەبرىكلەپ كېلىۋاتىمىز ۋە ئاشۇ بايراملارنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە قىزىقىشى،يېشى ۋە جىنسىي پەرقىگە قاراپ ئويۇنچۇق، پۇل، دوپپا، كىتاب، ئالتۇن-جابدۇق، زىبۇ -زىننەت، گۈل،

پۇل، كىيىم -كېچەك، گالىستۇك، سائەت، بەل تاسمىسى، پورتمان، ئەتىر، قاچا-قۇچا، قازان-قومۇچ، يان تېلېفون.... قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك بويۇملارنى ئۆز - ئارا كۆڭۈل سوۋغىسى سۈپىتىدە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپ، بىر - بىرىمىزگە تەقدىم قىلىشىماقتىمىز.

شۇنىسى، سوۋغات ئورنىدا «قەلەم» ھەدىيە قىلىدىغانلارنى بىرقەدەر ئاز ئۇچرىتىۋاتىمىز. بەلكىم، نۇرغۇن كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە كومپيۇتېر، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفونلار قەلەمنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلەم سوۋغا قىلىشنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوق دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

شەخسەن مەن ئۇنداق قارىمايمەن. قەلەمنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنسانلار تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ قالغىنى يوق. ھەممىمىزگە مەلۇم. قەلەم كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان،شەكلى ئاددىي، ئىشلىتىش قىممىتى يۇقىرى ئەمما، تۇرمۇشتا ئانچە ئەتىۋارلىنىپ كەتمەيدىغان پەقەت يېزىش ياكى سىزىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىدىغان ئادەتتىكى بىر نەرسە.

ئۆتمۈشىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە پەي قەلەم، قومۇش ( بامبۇك) قەلەم بىلەن كەندىر، ئۈجمە دەرىخى قوۋزىقىدا ياسالغان خوتەن قەغىزىگە،ناۋات ئىشلىتىپ ياسالغان قارا سىياھتىن پايدىلىنىپ ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى يارىتىپ ئاشۇ يېزىقلار ئارقىلىق ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەدەنىي مىراسلىرىنى، بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنى بىزگە قالدۇرغان بولسا بۈگۈنكى كۈندە قارا دوسكا ۋە قەغەز يۈزىگە سېلىق يېزىلىدىغان،سىياھسى ئۇچۇق ھەم شۇ زامات قۇرۇيدىغان، ئاز سىياھ بىلەن ئويلىغانلىرىڭىزنى تامامەن يېزىپ تۈگىتەلەيدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك، رەڭلىك قەلەملەر بارلىققا كېلىپ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نۇرغۇنلىغان تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: بورىنى ئېلىپ ئېيتساق «بور قەلەم» ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ قولىدا ئۈن - تۈنسىز بىلىم تارقىتىش رولىنى ئويناپ، بالىلارنى تەربىيەلەپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق تالاي تالانت ئىگىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مانا بۇلار قەلەمنىڭ تۆھپىسى. بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ. دېمەك ئىنسانلار قەلەمدىن پايدىلىنىپ خىياللىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە بىز خىزمەت ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك: «قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇساڭ، قەلىمىڭ شۇنچە راۋان بولىدۇ»، «قەلىمى كۈچلۈك بىر يازغۇچى»، «قەلەمكەشلەر»، «قەلەم تەۋرەتمەك»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1069 - يىللىرى <قۇتادغۇ بىلىگ>، داستانىغا قەلەم تەۋرەتكەن. ئۇ قەلەم تەۋرەتسىلا بىر شېئىر يازارمىش»، «بىلىم سېپى تەرىپلەش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇلاردىن بىز يەنىلا قەلەمنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

بىزدە «ھەرقانداق ئېسىل شەمشەرنى جايىدا ئىشلەتمىسە قىڭراقچىلىكمۇ كارغا كەلمەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. قەلەملەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۇنى ئىشلىتىشىمىزگە باغلىق. ئەگەر قەلەمنى توغرا ئىشلەتسەك بىزنى بەخت تاپقۇزىدۇ، ئىشلىتىشنى بىلمىسەك بىزنى نادان قالدۇرۇپ بەختسىزلەر قاتارىغا قوشىدۇ.

مەن ئۈستىلىمىدىكى قەلەمگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئويلىنىپ قالدىم. ھازىر ئەتراپىمىزدا ئاشۇ قىزدەك كىتابنى سۆيۈپ، قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلاردىن، بىر - بىرلىرىگە قەلەم سوۋغا قىلىدىغانلاردىن زادى قانچىلىك باردۇر؟ بىز كىتابنى «ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى نۇرلاندۇرۇپ، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆز- ئارا سوۋغات سۈپىتىدە ھەدىيە قىلىدىكەنمىز - يۇ، نېمىشقا ھاياتىمىزدىكى ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ئەسلىمىلەرنى خاتىرىلەپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا ئەسلىمە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بىرە تال قەلەم سوۋغا قىلساق بولمىغۇدەك!؟. مۇبادا بىز دوستلىرىمىزغا كىتابتىن سىرت قەلەمنىمۇ سوۋغا سۈپىتىدە ھەدىيە قىلساق بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دوستلۇق تېخىمۇ قەدىرلىك بولماسمۇ؟ بىز قاچانغىچە بىر- بىرىمىزنى ياراتماي، نادانلىق ئىچىدە ئۆتىدىغاندىمىز.

قىسقىسى، ئۇ قىز ماڭا مۇھىم بىر ھېكمەتنى ئۆگىتىپ قويۇپ كەتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىنسانلارغا بىلىم ئۆگىتىپ مىسلىسىز تۆھپە يارىتىۋاتقان ئاددىي بىر قەلەمنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىقتەك بىر ھەقىقەتنى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن،ماڭا چوڭقۇر ئىلھام ئاتا قىلغان، تۇرمۇشۇمدا كەم بولسا بولمايدىغان «قەلەم» گە چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

ئالىم مۇلايىم بولسا، نېمىدېگەن كۆركەم ئىش بولىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ئۇيغۇر تەزكىرەشۇناس شېرىپ نىياز خۇشتار



شېرىپ نىياز خۇشتار 1922 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. كېيىن قولغا ئېلىنىپ شېڭ شىسەي تۈرمىسىگە قامالغان. ئۇ، تۈرمىدە كۆپلىگەن ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار، ئىلغار كىشىلەر ۋە ئىنقىلابچىلار بىلەن تونۇشقان. بۇ ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. نەتىجىدە، شېرىپ خۇشتار 1945 - يىلى 2 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۈرىشىگە قاتنىشىپ، « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى » دە پولك، برىگادا ۋە قوماندانلىق باش ئىشتابىنىڭ ئالاقىچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى چوڭ تۇتقۇندا يەنە قولغا ئېلىنىپ، 1949 - يىلى 3 - ئايدا تۈرمىدىن چىققان ۋە شۇ يىلى 6-ئايدا غۇلجىغا قايتقان. 1949 -يىلىدىن كېيىن سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بانكا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كىنو-فىلىم شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا تۈرلۈك خىزمەتلەردە بولغان.

1958 - يىلى ئوڭچى بولۇپ قولغا ئېلىنىپ، 1981 - يىلى ئاقلىنىپ، پېنسىيەگە چىققان.

شېرىپ خۇشتار 1940 - يىلىدىن باشلاپ يېزىقچىلىققا باشلاپ، 1958 - يىلىغىچە ھەر خىل ژانىرلاردا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1983 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە ئۆز خىراجىتى بىلەن شىنجاڭدىكى يەتتە ۋىلايەت، 64 ناھىيە ۋە 200 دىن ئارتۇق يېزا-كەنتلەرنى ئارىلاپ ئىزدىنىش ئارقىلىق كۆپلىگەن خام ماتېرىيال، تارىخىي رەسىملەرنى توپلىغان.

شېرىپ خۇشتار توپلىغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ياكى قەدىمىي جايلارنىڭ سۈرەتلىرىنىڭ تارتىلغان ۋاقتى 1870 - يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، سۈرەتتە كۆرسىتىلگەن بەزى ئورۇنلار ئاللىقاچان ئىزىنى يوقاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ سۈرەتلەر تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئۇ ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدە ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئۇسۇلى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ۋە نەزىرىيۋى كۆز قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ،ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا تېنىم تاپماي دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئارىسىدىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا، ئىنسانشۇناسلىقنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. يېزىقچىلىقتا، تارىخى چىن ۋەقەلەرنى تەزكىرە ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدا بايان قىلىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تەزكىرە

* خەلقىمىزنىڭ مېھنەتكەش ئوغلانى ۋە تەزكىرەچىسى شېرىپ ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئاگېنتلىقى ، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تەزىيە ئۇچۇرلىرى ئېلان قىلىندى. تەھرىراتىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مېدىيا قۇرۇلۇشلىرىدا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەرنى يىغىپ-رەتلەت ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئاگېنتلىقى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىگە شۇنداقلا مەخسۇس رەسىم بىلەن تەمىنلىگەن دوستلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئېزىز ئوغلانىغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلەيمىز(ت)

ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى توغرىسىدىكى قاراشلىرى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخ تەتقىقاتىدا نوپۇزلۇق كۆز قاراش ۋە نەزەرىيەگە ئايلانغان. ئۇ ئىزدىنىش جەريانىدا ئىگە بولغان 300 پارچىدەك ماقالە، 250 پارچىدەك تارىخى سۈرەت ۋە ئۆزى تارتقان سۈرەتلەرنى ئېلان قىلغان، شۇنداقلا 1984 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە «ئۈرۈمچى دىنىي ئىشلار تەزكىرىسى»، 1986 - يىلىدىن 199 -2 يىلىغىچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت تەزكىرىسى» ۋە «غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى» نى يېزىشقا تەكلىپ قىلىنغان.

شېرىپ خۇشتار يۇقىرىقى قىممەتلىك ماقالىلىرىدىن باشقا يىرىك ئەمگەكلىرىنىمۇ قولغا ئالغان. ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، «مۇقام پېشىۋالىرى»، «تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان.

ئۇ «مۇسابايوف ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى»، «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان سودىسى» دېگەن كىتابىنى نەشرگە تاپشۇرغان. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر ھۈنەر-كەسپلىرى »، «ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپ ئارخىپى» دېگەن كىتابىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

شېرىپ خۇشتار ئەپەندى 2000 -يىلى نەشر قىلدۇرغان «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسەردە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئىجابىي ۋە سەلبىي خاراكتېردىكى نەچچە يۈز شەخسنىڭ تەرجىمىھالى، سۈرىتى ۋە بۇ ھەقتىكى قىسمەن نازۇك مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ ئەسەردىكى تەپسىلاتلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ ئۇنتۇپ كېتىلگەن قاراڭغۇ سەھىپىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە يېگانە مەنبەلىك رولىنى ئويناش بىلەن ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

شېرىپ خۇشتار ئەپەندىنىڭ ئاشۇ خىل «تىرىك قامۇس» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى تۆپەيلىدىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر قىسىم چەتئەللىك مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئۇنىڭ توپلىغان ئۇچۇر بايلىقىدىن تېگىشلىك دەرىجىدە پايدىلانغان.

2012 -يىلى 6 -ئاينىڭ 14 -كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئىتتىپاق يولىدىكى ھايات چايخانىسىدا، جامائەت ئەربابى، تارىخشۇناس، مەدەنىيەتشۇناس، تەزكىرىشۇناس ئەدىب شېرىپ خۇشتار ئەپەندى مەۋلۇتىنىڭ 90 يىللىق خاتىرە كۈنىدە تۇن كېيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن.

مىجىت ناسىر، ئابدۇكېرىم راخمان، ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى قاتارلىق پېشقەدەم جامائەت ئەربابلىرى شېرىپ خۇشتار ئەپەندىمنىڭ 90 ياشقا كىرگەن قۇتلۇق خاتىرە كۈنىنى قىزغىن تەبرىكلىگەن ۋە ئۆمۈرىگە بەرىكەت تىلىگەن. ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندى شېرىپ خۇشتار ئەپەندىگە ئىلچى شىركىتى لايىھەلىگەن بىر

يۈرۈش تون كىيدۈرگەن. رەسسام غازى ئەھمەت ئەپەندى يېقىندا نەشر قىلدۇرغان قىممىتى 1200يۈەنلىك ھايات ۋە ئىجادىيەت ئالبومىنى شېرىپ خۇشتار ئەپەندىگە خاتىرە سۈپىتىدە سوۋغا قىلغان. شائىر ئىمىن ئەخمىدى شېرىپ خۇشتار ئەپەندىگە ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇغان. ئابدۇراخمان ئەبەي، ئادىل مۇھەممەت تۇران، مەمتىمىن ھوشۇر ، قۇربان مامۇت ، پولات ھېۋىزۇللا قاتارلىق يازغۇچى-ئەدىبلەر ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان.



شېرىپ خۇشتار ئەپەندى شىنجاڭ تاتار مەدەنىيەت جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۆزبېك مەدەنىيەت جەمئىيىتى، «12 مۇقام» تەتقىقات جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

2022 -يىلى 26 -ئاۋغۇست تونۇلغان ئۇيغۇر فولكلور يازغۇچىسى، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، جامائەت ئەربابى شېرىپ خۇشتار ئەپەندى ئۈرۈمچىدە 100يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## رەھمەتلىك شېرىپ ئەپەندىنىڭ ھاياتىدىن خاتىرەلەر ۋە ئىجادىيىتىدىن ئۆرنەكلەر








1943-يىلى شىنجاڭ شۆبىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىكى سۈرىتى










# مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئىلاخۇن جەلىلوۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى*

شائىرەم باراتوۋا** (قازاقىستان)

ئى. جەلىلوۋ – مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ئۈلۈشىنى قوشۇپ، ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ ھەقىقىي ئۈلگە-نەمۇنەسىنى نامايىش ئېتىپ كېلىۋاتقان شائىر. ئەدىب قەلىمىگە مەنسۇپ «دېڭىز سادالىرى»، «مۇھەببەت چىللايدۇ»، «يەرگە تازىم»، «ئىنتىلىش»، «سالام، خەلقىم!»، «ۋەسىيەت»، «مىراس»ناملىق ئونغا يېقىن شېئىرىي توپلاملىرى ئۇنىڭ ئەدەبىيات مەيدانىدا ئۆزىگە خاس ئورنىنى بەلگىلەيدۇ.

دەرھەقىقەت، ئىجادىيەت مۇھىتىدا ھەرقانداق شائىرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت. ئەگەر ئىجادكارنىڭ قەلەمداشلىرىدىن پەرق - ئۆزگىچىلىكى قېلىپلىشىپ ئۈلگۈرمىسە ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئەدىب سۆپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىشىمۇ تەس. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا ئى. جەلىلوۋ ئەدەبىياتتا تىلغا ئالارلىق ئۇتۇق-مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى. ئەدىب ئۆزىگە خاس تالانت-ئىقتىدارى بىلەن خەلق تەرىپىدىن كۆرۈنەرلىك قەلەم ساھىبى سۆپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقى راست.

ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىلىم-پەن، ئىجادىيەت ئوخشاش مۇرەككەپ ساھەلەرگە دادىل قەدەم بېسىشى تۇغۇلغان يۇرتىغا خاس خۇسۇسىيەت-ئالاھىدىلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئانا يەر تۇپرىقىنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتى يۇرت پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇتۇق-مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە كۈچ-قۇۋۋەت، جۇشقۇن ئىلھام ئاتا قىلىشى ئېھتىمال. بىز كۆپلىگەن ئالىم-تەتقىقاتچى، شائىر - يازغۇچىلار يېتىلىپ چىققان كەتمەن يۇرتىغا مۇناسىۋەتلىك شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز. مەزكۇر تەۋەررۈك يۇرۇتتىن ئۈچۈم بولغان ئى. جەلىلوۋنىڭمۇ شائىر دېگەن مۇقەددەس شەرەپ-نامغا ئېرىشىشىگە ئانا يۇرتىنىڭ تەسىرى يوق ئەمەس. بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغان شائىر يېزىغا بولغان تەشەككۇر-مەمنۇنىيەتىنى «بىزنىڭ يېزىدا»، «ئانا تۇپراققا ئۆڭگۈك كېلىدۇ»، «سىقىم توپا»،ناملىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىلدۈرىدۇ. دەسلەپكى توپلاملىرىدا ئورۇن ئالغان شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىدە ياشلىقنىڭ تۇراقسىز، ئېلىپ-قاچما سېزىمى ئەمەس، يۇرتىغا بولغان ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەت تۇيغۇسى بايقىلىدۇ. بولۇپمۇ، كەتمەن يېزىسىنىڭ تەبىئىتىگە خاس گۈزەللىكنى سۆز بىلەن سىزىشتا ئەدىب ماھىر رەسسام سۆپىتىدە يېزا مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مىنگەشكەن قىر، ئېدىر گىرە ئېلىشىپ،
گويا قاتار چۆككەن سانسىز تۆگىلەر.
پاياندازدەك قاپتاللاردا يېپىلىپ،
ئارچا-ئىرغاي بىر-بىرسىگە يۆگىلەر.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تەبىئەتكە جان بېغىشلاشتا ئى. جەلىلوۋنىڭ چېۋەرلىكى بۆلەكچە. تەبىئەتنى ھېسسىيات تۇيغۇسى بىلەن نەقىشلەپ، ئۆز تەسۋىرىدىنمۇ ئارتۇق گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ. يېزىنىڭ تاغۇ-تاشلىرى، شاقىراپ ئاققان سۇلىرى، مۆلدۈر بۇلاقلىرى – ئى. جەلىلوۋنىڭ بويىغا تالانت ئاتا قىلغان تەبىئەتنىڭ تارتۇق-سوۋغىسى. شائىرنىڭ ھەربىر شېئىرىدا يېڭىچە تەسۋىرلەرنى بايقايمىز، ئەتراپ مۇھىتقا شائىر بىلەن بىرلىكتە ئىختىيارسىز ئاشىق بولۇمىز. كىتابخان قەلبىدە شۇنداق ئىشتىياقنى ئويغاتقان پويېزىيانىڭ قۇدرىتى، شائىرنىڭ بۈيۈك تالانت-ئىقتىدارى ئىكەنلىكى، سۆزسىز. تىلسىم تەبىئەتنىڭ قىر-سىرىنى تونۇپ، سۆز مارجىنىنى

* شائىرى ئىلاخۇن جەلىلوۋنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكەش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان مەخسۇس ماقالە.

**فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى

تىزغان ئەدىبنىڭ بۇخىل شېئىرلىرى يېتەرلىك. شائىر شۇنداقلا، تەبىئەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنسان ھاياتى بىلەن پاراللېل تۈردە تەسۋىرلەيدۇ. پىكرىمىزگە ئەدىبنىڭ «شىۋاقلىق يۇرتۇم »، «يۇرتقا ئاچقان سىر»، «سېغىنىش» ناملىق شېئىرلىرى دەلىل بولالايدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، تەۋەررۈك يۇرتنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەۋەلىك ئېتىش كۈچىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئېنىق. يۇرتقا بولغان مۇھەببەت سېزىمى گەرچە پادىشاھ ياكى ئاددىي ئەمگەكچى ئاۋام بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەركىمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. بۇ ھېس -تۇيغۇنى باشقىلارغا نىسبەتەن شائىرلار چوڭقۇرراق سېزىشىدۇ. ئى. جەلىلوۋنىڭ شېئىرلىرىدا ئانا يۇرتنى سېغىنىش، كىنەش تۇيغۇلىرىنىڭ كۆپ بايقىلىش سەۋەبىمۇ شۇنىڭدا بولسا كېرەك.




ئى. جەلىلوۋنى قەلەمداشلىرى ھەم شېئىرىيەت مۇخلىسلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دېڭىز ماۋزۇسىنى ئېلىپ كىرگەن شائىر سۈپىتىدە تونۇيدۇ. چۈنكى ئەدىب ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچىنى شىمالىي دېڭىز فلوتىدا ئادا قىلىپ، شۇ تەۋەنىڭ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى، دېڭىزچىلارنىڭ كۈندىلىك ھايات-مەنىشىتىنى كۆپلىگەن شېئىرىي مىسرالىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ئىدى . بۇخىل تۈركۈمدىكى شېئىرلار توپلىنىپ «دېڭىز سادالىرى»، «مۇھىت چىللايدۇ» ناملىق كىتابلىرىدا ئورۇن ئالغانلىقى مەلۇم. ھەربىي خىزمەت تەبىئەتكە جان كىرگۈزۈشكە ئىقتىدارلىق شائىرنىڭ تەتقىقات لابوراتورىيەسىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، سېزىم-تۇيغۇسىنى بېيىتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. ياشلىقنىڭ يالقۇنى لاۋۇلداپ تۇرغان چېغىدا يېزىنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن سىرتقا چىقمىغان كەلگۈسى شائىر ئۈچۈن داۋالغۇغان دېڭىز، چوڭ ئۆركەشلىك سۇلار، ئەلۋەتتە، يېڭىلىق سۈپىتىدە ئىلھام بېغىشلىغانلىقى ئېنىق. دېڭىز تەبىئىتى شائىرنىڭ ئويىغا ئوي، سېزىمىغا سېزىم قوشۇپ، گۈزەللىكى بىلەن مەھلىيا قىلىدۇ. پىكرىمىزگە «ئالا قېيىنلار»، «دېڭىز كېچىسى»، «قۇتۇپ شولىسى»، «دېڭىزنىڭ ئىش كۈنى»، «دېڭىزنىڭ مىجەزى » كەبى كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلەر مىسال بولالايدۇ. لېكىن شۇندىمۇ، شائىر ئۈچۈن تىلسىم تەبىئەتنىڭ قىر-سىرىنى تونۇپ بىلىش، بىزنىڭ پەرەز قىلىشىمىزچە، دەسلەپ ئانا يۇرتىدىن باشلانغان بولسا كېرەك. چۈنكى شائىر ئۈچۈن كەتمەن يېزىسىنىڭ تەبىئىتى شىمالىي دېڭىز كۆرۈنۈشىدىن كەم ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئانا يۇرتىغا بېغىشلانغان، يەنى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان شېئىرىي مىسرالىرىدىن بايقاشقا بولىدۇ. يېزىنىڭ تاغۇ-تاشلىرى، شاقىراپ ئاققان سۇلىرى، مۆلدۈر بۇلاقلىرى – ئى. جەلىلوۋنىڭ بويىغا تالانت ئاتا قىلغان تەبىئەتنىڭ تارتۇق-سوۋغىسى . قىسقىسى، ئى. جەلىلوۋ ئىلھامىنىڭ مەنبەسى – تەبىئەت.

ھەرقانداق ئىنسان بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەنسېرى، ئاق-قارىنى ئايرىپ، ھاياتنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە باشلايدىغانلىقى راست. شائىرنىڭ دەسلەپكى كىتابلىرىدا تولاراق ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەت، تەبىئەت مەنزىرىسى، دېڭىز تەسۋىرى ئورۇن ئالغان بولسا، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەدىب ھاياتنىڭ باشقىمۇ قىر-سىرلىرىنى تەسۋىرلەشكە تىرىشقان. يەنى، ئۆمۈردىن توپلانغان تەجرىبىسى تۈپەيلى ئى. جەلىلوۋ ئىجادىيىتىدە ماۋزۇلار دىاپازونى كېڭەيتىپ، يېڭىچە مەزمۇندىكى شېئىرلار پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. تالاي سىناقلاردىن ساۋاق ئېلىپ داناlıqqa يۈزلەنگەن كۆپ تەجرىبىلىك شائىرنىڭ بۇخىل ئەسەرلىرىدە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت سېزىمى يارقىن بايقىلىدۇ. يەنى، ئى. جەلىلوۋ پوئېزىيەسىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھاياتقا ئاشىق، ئۇنى ئۆمۈرنىڭ سىرتقى يالت-يۇلتى ئەمەس، ئىچكى مەنە -ماھىيىتى، ھەقىقىي جەۋھىرى قىزىقتۇرىدۇ. ئەدىب كۆرگەن-بىلگىنىنى ئويى تارازىسىغا سېلىپ، تەھلىل قىلىشى تۈپەيلى ئۆز خۇلاسىسىنى مىسرالارغا قاچىلايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ھاياتىي ماھىيەتكە ئىگە قۇرلار يېتەرلىك. جۈملىدىن، ئەدىبنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «تەقدىر تەنىسى»، «كۆرۈنۈش»، «ئۆكۈنۈش»، «تەتۈر زامان» كەبى شېئىرىي ئەسەرلەر ھاياتنىڭ ئۆزىدىن ئويۇپ ئېلىنغان.

شائىر ھايات داۋانلىرىدا خىلمۇ-خىل مىجەزلىك، بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان قىياپەتتىكى ئىنسانلارنى ئۇچراتتى. ياخشىلار بىلەن بىللە يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز مۇلاھىزىسىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن «ئالدامچى دۇنيا»، «ئوخشاش تۇغۇلساقمۇ»، «قارشىلىق»، «ياخشىلار بىلەن يامانلار»، «غالىبىيەتنىڭ ئاتىسى تولا»، «ئادەملەر قىياپىتى» كەبى شېئىرلىرى ئارقىلىق بۆلۈشىدۇ. بۇ تۈركۈمدىكى ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا ھەرخىل ئىللەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئارىمىزدا مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلماسلىققا ئامالىمىز يوق. دېمەك، ئەدىب ئۆزى تونۇغان

ھاياتنى كىتابخانىلارنىڭمۇ شۇخىل نەزەردە كۆز سېلىشىغا، چۈشىنىشىگە شارائىت يارىتىدۇ. قىسقىسى، كۆپنى كۆرگەن شائىرنىڭ ئەۋلادقا ئېيتار ئويي-پىكرى ئاز ئەمەس.

ئۆز غېمىدىن كۆرە كۆپچىلىكنىڭ مەنپەتىنى ئەلا كۆرىدىغان ئەزىمەتلەر ئۈچۈن ئۇلۇغ خەلقىمىزنىڭ تەقدىر -قىسمىتى ئاز قايغۇ ئەمەس. ئى. جەلىلوۋ ئۈچۈنمۇ بۇ ناھايىتى چوڭ دەرد -ئەلەم. شائىر ئۈچۈن ھاياتنىڭ مەزمۇنى – ۋەتەننىڭ ئازادلىقى.

«چېگرا»، «باجخانا»، «تۇرپان»، «ئۈرۈمچى مىچىتى»، «خانتەڭرى» كەبى شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان تۈركۈم «بارمۇسەن ئەجدادلار دىيارى؟!» دەپ ئاتىلىدۇ. شائىر تارىخىي ۋەتىنىمىزگە خاس ئاساسىي مەسىلىلەرنى ئېيتماقچى بولغان. ئون بەش ئەسەردىن تەركىب تاپقان تۈركۈم «كەچۈرمە، ۋەتەن!» دېگەن شېئىر بىلەن ئاياغلىشىدۇ. مەزكۇر شېئىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

خەلقىم ئىڭرايدۇ قۇللۇقتا قالغان،
ئاچچىق نىداسى ھەشلەرگە يەتكەن.
ساڭا دۈشمەندىن بولمىغان قالقان،
پەرزەنتلىرىڭنى كەچۈرمە، ۋەتەن!

كەلتۈرۈلگەن مىسرالار تارىخىي ۋەتىنىمىزدىن يىراقتا يۈرگەن ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەن ئالدىدىكى نۇقسان-سەۋەنلىكىنى تەن ئېلىشىتىكى پەريادى. ئەدىب ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بىرەر ئۇلۇش-ھەسسە قوشالمايۋاتقانلىقىغا ئېچىنىدۇ، ئۆزىنى ئەيىبكار سۈپىتىدە ھېس قىلىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئەل تەقدىرى شائىر قەلبىنى بىئارام قىلىپ، يۈرەك -باغرىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئۇ ئۆتكەنگە ئۆكۈنۈپ، كەلگۈسىدىن تەشۋىشلىنىدۇ. قىسقىسى، شائىر قەلبى ئەندىشىگە تولا.

تۆۋەندىكى مىسرالارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

زامان سېنىڭ،
يەر مېنىڭكى،
ئەل مېنىڭكى،
ھالاۋىتى سېنىڭكى.

ھىممەت مېنىڭ،
مېھنەت مېنىڭ
ساخاۋىتى سېنىڭكى.

پىداكارلىق،
ۋاپادارلىق،
سەپەرۋەرلىك مېنىڭدە.

ھاكىمدارلىق،
ھۆكۈمرانلىق،
زومىگەرلىك سېنىڭدە.

كەلتۈرۈلگەن مىسرالاردا ھەقىقەت ئەيمەنمەي ئېيتىلىدۇ. بۇ مىسرالار ھەممىمىز بايقاپ يۈرگەن رېئال ھاياتنىڭ كۆرۈنۈشى. ئاما ئۇنى دادىل ھەم ئەلنىڭ قەلبىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە يەتكۈزۈش پەقەت شائىرلارغا خاس خىسلەت ئىكەنلىكى ئېنىق. مۇشەققەتنى خەلقىگە، ھالاۋىتى ئۆزگىلەرگە بۆيرۈپ قالغانلىقىغا شائىر ئېچىنىشلىق بىلەن دات-پەرياد ئېيتىدۇ. شائىر بۇخىل دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان بېھەنەنىۋي مىسرالار يېتەرلىك. شېئىرىنىڭ ھەم مەزمۇنى، ھەم شەكلىدە شائىرنىڭ تاپقۇرلۇقىنى بايقاش تەس ئەمەس.

ئى. جەلىلوۋ بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۈچۈن بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. دەرھەقىقەت، كۆزلىگەن نىشان-مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن بىزگە پەقەت بىرلىك مۇھىم. بىرلىكى يوق ئەلنى ئالەمدىن مەھرۇم قىلماق ئاسان. شائىر بىرلىكنىڭ يوقلۇقى ئارىمىزدا «مەنسەپپەرەس»، «ئەمەلۋازلارنىڭ» كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشتۇرىدۇ.

بىرلىككە زادى يەتمەس قولىمىز،
ئۇنىنىڭ توققۇزى «داھىي» بولغاچقا.
شۇڭا چىڭ ئەمەس سالغان ئۇلىمىز،
سەل شامال چىقسا تەييار غۇلاشقا.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئەدىب بۆلۈنۈشنىڭ نەتىجىسى ياخشىلىقنىڭ نىشانى ئەمەسلىرىنى تەكىتلەپ، «كۈچىمىز - بىرلىكتە» دېگەن شۇئارنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇ مىسرالارنى شائىرنىڭ ئادىدىي ئەمگەكچى خەلقلەرگە ئەمەس، زىيالىيلارغا ئېيتىلغان ۋەز -نەسىھەتى سۈپىتىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھەرتەرەپلىمىلىك كۆز قاراشقا ئىگە شەخسلەرنىڭ مەنسەپكە ئامراقلىقىنى، بىرەر ئورۇننى ئىگىلەشكە خۇمار ئىللەتلىرىنى ئېچىنىشلىق بىلەن تەرىپلەيدۇ. بۇخىل ئىنسانلار خەلققە ئەمەس، ئۆز شان-شۆھرىتى ئۈچۈن خىزمەت ئېتىدىغانلىقى ئاچچىق ھەقىقەت. شۇنداق خۇنۇك ئىللەتلەردىن قۇتۇلغاندىلا نىشانىمىزغا يېتەلەيدىغانلىقىمىز ئېنىق. بەزى ئىنسانلار تەبىئىتىدىكى بۇ نۇقسان-كەمچىللىقنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سەزگەن شائىر يۈرەك دەردىنى قەغەز بېتىگە تۆكۈش ئارقىلىق شېئىرىيەتتىن دەۋا ئىزدەيدۇ. ئەل تەقدىرىگە ئەيىبكارلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ئاشىدۇ، ئۆز ئۆيىگە ئىگە بولالماي قالغان خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئېچىنىشلىق بىلەن بايان قىلىدۇ. شائىر ئۇلارنى پاش قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يېقىمسىز ئىللەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، نۇقسان-خاتالىقلارنى تەن ئېلىپ، ئەيىبنى ئىقرار قىلىشىمىز لازىم. ئەسلى ھەقىقىي دوست يىغلىتىپ ئېيتىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ھاياتتا ھەربىر پەرزەنت ئۈچۈن ئانىنىڭ ئورنى بۆلەك. ئانىغا ئاللاھ يۈز ياشلىق ئۆمۈر بەرسىمۇ، ئۇنى ئۇ دۇنياغا قىيالمايمىز. شائىر ئۈچۈن 92 يېشىدا

ئۆمۈردىن ئۆتكەن ئانىسى شۇ قەدەر بىباھا. غەمگۇزار ئانىنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدىمۇ يىراقتىكى ئوغلىدىن ئەنسىرىشى، يېنىدىن تېپىلغىنىدا باغرىغا بېسىشى، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشى مېھرىبان ئانىنى كۆز ئالدىمىزغا گەۋدىلەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ، «ئانام ۋاپاتى»، «ئاپامنىڭ پىنچىگى»، «كاككۇك كەلگەندە» كەبى شېئىرلىرىدا ئەدىبنىڭ سېغىنىش سېزىملىرى بايقىلىدۇ.

ھەربىر شائىر ھايات ھەقىقىتىنى، تۇرمۇش يولىدا كۆرگەن-بىلگىنىنى مىسرالارغا قاچىلايدۇ. ئۇرۇشنىڭ راسا كۈچەيگەن، ئەۋجىگە چىققان پەيتىدە دۇنياغا كەلگەن شائىر يوقسۇزچىلىقنىڭ ، ئاچارچىلىقنىڭ، قىسقىسى، ئۇرۇش كاساپەتنىڭ ئاۋام خەلققە سالغان قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرۈپ ئۆستى. بالىلىق دەۋرىنىڭ يالدامىسى بولغان ئۇرۇش ماۋزۇسى شائىر ئىجادىيىتىدە مەلۇم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ «ئۇرۇش يىللىرى تۇغۇلغانلار»، «مەزگىلدىن بۇرۇن»، «نامسىز قەبرىلەر» كەبى شېئىرىي ئەسەرلىرى ئەسەر قەھرىمانى بىلەن بىللە ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىدىن خەۋەردار ئېتىدۇ.

ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە مەزمۇن بىلەن بىللە شەكىلنىڭمۇ ئورنى ئالاھىدە. ئى. جەلىلوۋ ئىجادىيىتى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش جەريانىدا شېئىرىنىڭ شەكلىي ئالاھىدىلىكىنى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى شائىرنىڭ ئىزچىل ئۆگىنىش تۈپەيلى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەنلىكىگە كۆز يەتكۈزدۇق. شائىر شېئىرىيىتىدە ئېغىز ئىجادىيەتنىڭ تەسىرى بايقىلىدۇ. كۆرۈنەرلىك قەلەم ساھىبى ئاساسەن يەتتە، ئون ھەم ئون بىر بوغۇملۇق ئۆلچەملەردە ئىجاد قىلغان. باشقا ئۆلچەملەردىمۇ بىرەن-سەرەن شېئىرلىرى بايقىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن شائىر ئۇستازىغا بولغان مەدھىيەسىنى 9 بوغۇملۇق ئۆلچەمدە ئىجاد ئەتكەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس قوشاق، بېيىتلار ئاساسەن يەتتە بوغۇملۇق ئۆلچەم ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغانلىقى ئېنىق. ئەدىبنىڭ بۇخىل ئۆلچەمگە مۇراجىئەت قىلىشى تاسادىپ ياكى بىھۇدە ئەمەس. شائىر كىچىكىدىن قوشاق-ناخشىلارنى تىڭشاپ ئۆسكەنلىكى مەلۇم. ئى. جەلىلوۋ قەدىمىي ئۆلچەمگە يېڭىچە مەزمۇندىكى مىسرالارنى قاچىلايدۇ. پىكىرىمىزگە ئەدىبنىڭ «ناخشىلار»، «كۆرۈك»، «بوران»، «پاتمىدى»، «يارالغان»، «چارىن دەرياسى»، «ئۇيغۇر يۇرتلىرى»، «كۆچكەن يۇلتۇز»، «ئارزۇ يولى» ناملىق ئەسەرلىرى مىسال بولالايدۇ. شائىر شۇنداقلا 7 ۋە 8 بوغۇملۇق مىسرالارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش تۈپەيلى «غالجات يېزىسى»، «قىزىل دۆڭ»، «دېھقان »، «غالجات ئالمىسى»، «جېنەستە» ناملىق شېئىرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

شائىر شۇنداقلا ئۆز ئوي-پىكرىنى، تەسرات-سېزىمىنى ئون بوغۇملۇق ئۆلچەمگە قاچىلاشقا ماھىر. مەزكۇر ئۆلچەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاز بايقىلىدۇ. شائىر ئىجادىيىتى بۇ بوشلۇقنى ئولتۇرغانلىقىغا كۆز يەتكۈزدۇق. بۇ ئۆلچەمدىكى ئۇتۇقلۇق ئىزدىنىشلىرى شائىرنىڭ «بىزنىڭ ئانىلار»، «ئەرلەرنىڭ پەرزى»، «نېمىشكە؟»، «قارشىلىق» شېئىرلىرىدا بايقىلىدۇ.

شائىر قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرلارنىڭ قاپىيەۋىي تەركىبىمۇ بېجىرىم، تەل-تۆكۈس. ئەدىبنىڭ بېسىم كۆپچىلىك شېئىرلىرى قاپىيەنىڭ ئاباب (ئالماش قاپىيە) تۈرىدە ئىجاد قىلىنغانلىقىنى بايقاپ، كۆرۈنەرلىك قەلەم ساھىبىنىڭ تالانت-ئىقتىدارىغا قايىل بولدۇق. چۈنكى بۇخىل قاپىيەدە ئىجاد قىلىش ئاسان ئەمەس ئىكەنلىكىنى شائىرلار ياخشى چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىنى شائىرنىڭ داۋاملىق مېھنىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا ئەدىب شېئىرىيىتىدە خىلمۇ-خىل تۈزۈلۈشكە ئىگە مىسرالار بايقىلىدۇ: مەسىلەن، ئىككى بەندتىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇرۇم» ناملىق شېئىرنىڭ دەسلەپكى ئۈچ مىسراسىنى قاپىيەلەشتۈرۈپ، ئاخىرقى مىسرانى ئىككىنچى بەندنىڭ ئاخىرقى مىسراسىغا قاپىيەلەشتۈردۇ. ياكى «ئۇيغۇر قىزلىرى» ناملىق شېئىرىدا ئۈچ مىسرا قاپىيە سۈپىتىدە بېرىلىپ، ئاخىرقى مىسرا بارلىق بەندلەردە تەكرارلىنىدۇ. ئېنىقراق ئېيتساق، شېئىرىي مىسرالاردا نۇزۇگۇم، ئىپارخاننىڭ ئىزلىرى بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇش-تىرىكچىلىك كويىغا چۈشكەنلىكىنى ئېچىنىشلىق بىلەن تىلغا ئېلىپ، پىكرىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەيدۇ:

پارلاق كۈنلەرگە ئۈمۈتتە ياشار،
قايغۇ-ھەسرەتنى ئىرغىتىپ تاشلار.
بەلكى بىر كۈنى ئەرلەرنى باشلار،
ئازادلىق جەڭگە ئۇيغۇر قىزلىرى.

ئىلگىرىكى بەندلەردە ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېيتىشتىن قەتئىي نەزەر، كەلتۈرۈلگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىغا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقاش تەس ئەمەس.

شائىر قەلىمىگە مەنسۇپ ئەسەرلەردە دىققەت-نەزەرنى جەلپ قىلارلىق مىسرالار يېتەرلىك. شائىر «ئانا يۇرتۇمغا» ناملىق شېئىرىنىڭ ھەربىر مىسراسىدا قوش سۆزلەرنى تەكرار تۈردە قوللانغان. تۆۋەندىكى مىسرالارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

ياڭزا-ياڭزا گۈلزارلىقلار ھىدىنى،
تويماي-تويماي ئىشتىياقتا پۇرايمەن.
دەستە-دەستە شادلىق تولغان دىلىمنى،
ياڭراق-ياڭراق ھېسسىياتقا ئورايمەن.

ئەدىب مىسرالاردا تەكىتلەشكە مۇھىم بولغان سۆزلەرنى قوش سۆز سۈپىتىدە پايدىلانغان. شېئىردىكى سۆزلەر تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ھەربىر مىسراغا كۈچ بېرىپ، تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. شېئىر باشتىن-ئاياق يۇقىرىدىكى ئۆلگە ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

راست، ئىجادىيەت يولى مۇشەققەتلىك . ئەدەبىياتتا شۇ ئازاب - جاپانىڭ ھالاۋىتىنى كۆرەلمەي كەتكەن شائىرلارمۇ يوق ئەمەس. يەنى، سەكسەن ياشلىق توي تالاي شائىر-يازغۇچىلىرىمىزغا نېسىپ بولمىغان. ئەسلى شائىر ئۇچۇن ھەقىقىي ھالاۋەت - كۆزىنىڭ تىرىكىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىخلاسىغا بۆلۈنۈپ، ئەسەرلىرىنىڭ خەلق دىلىغا يول تېپىشىنى ھايات چېغىدا كۆرۈشى، سېزىشى. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئى. جەلىلوۋنىڭ ئىجاد يولى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دەپ ئىشەنچلىك ئېيتالايمىز. چۈنكى، ئەدىب قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرىي ئەسەرلەر كىتابخانلار تەرىپىدىن ئىللىق قوبۇل قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئى. جەلىلوۋنىڭ سەكسەن ياشلىق تەۋەللۇتى – ئەدەبىياتىمىزغا ئورتاق توي. ئەدىبنىڭ يېشىغىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى – خەلقىگە ئەتكەن ئەجىر-ئەمگىكى ئالدىدا ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن باش ئېگىش بىزنىڭ مەجبۇرىيەت-ۋەزىپىمىز. ئاقساقال شائىرىمىز يەتمىش ياشلىق تەۋەللۇتىدا ئەۋلادلارغا «ۋەسىيەت» قالدۇرغان بولسا، سەكسەن ياشلىق تويىدا ئىجادىيەت نەمۇنىلىرىنى كۆپچىلىككە «مىراس» ئېتىش بەختىگە ئېرىشتى. شېئىرىيەت مۇخلىسلىرى توقسان ھەم يۈز ياشلىق تويلىرىدىمۇ ئەدىبتىن ھاياتىي تەجرىبىلىرى توپلانغان كىتابلارنى كۈتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ قويساق ئارتۇق بولمىسا كېرەك.


## شائىرنىڭ ھاياتىدىن خاتىرىلەر













# ئىككى شېئىر

ئىلاخۇن جەلىلوۋ (قازاقىستان)

## نادامەت

بىر ئۇيغۇر كۈلسە، كۆڭۈللۈك دېمە،
پۈتكۈل خەلقىنىڭ يۈرىكى سۇنۇق.
بىر ئۇيغۇر ئۆلسە، ئارتۇق غەم يېمە،
تىرىكلىرىنىڭ ھەسرىتى ئۇلۇق.

ئۆگدەپ قالغاندەك جەڭگىۋار تۇيغۇ،
ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇدى بەلكىم.
پۈتكۈل ۋۇجۇدىن ئەگىلەپ قايغۇ،
چىرايى سولغۇن، بېقىشى غەمكىن.

ئىچىمنى تاتلاپ كۈندە تۇغۇلار،
جاننى قىيىنغان جاۋابسىز سوئال.
دۇنيادا ئورنۇڭ نەدە، ئۇيغۇرلار؟-
مىڭ يىل ئاۋۋالقى بىچارە شۇ ھال.

ھەرىكەت، ئىدرەك، پەيلىگە بېقىپ،
تالاي ئۆزگەردى ئادەملەر، زامان.
تۇرمۇشىنىڭ كۈنسىز چىرىغىن يېقىپ،
ئۆزگەرمەي كېلەر ئۇيغۇرۇم ھامان.

ھۆرلۈك كۈرەشتە قۇچمىغاچ زەپەر،
خاتىرجەم، تىنچلىق قىلمىغان نېسىپ.
ھەر كۈنى كېلەر تەشۋىشلىك خەۋەر،
ۋۇجۇدنى داغلاپ، يۈرەكنى قىسىپ.

ئەل بېشىن قوشقان ئوغۇزخان خاقان،
پەرمان چىقارغان ئۇيغۇر ئاتاشقا.
خەلقىنىڭ داڭقىن ئالەمگە يايغان،
تارىخىن يېزىپ مەڭگۈلۈك تاشقا.

ئەژداتلار بەرگەن مىراسلار ئۇلۇق،
شۇنى ماختىنىپ كېرىمىز كۆكرەك.
بارلىق ئىجتىھات - ئاللاھغا قۇللۇق،
ئوقەت، ئەمگەكتىن توي، مەشرەپ كۆپرەك.

مۇيۇنچۇر، ماخمۇت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
ناۋائى داڭلىق جاھان ئەھلىگە.
ھە بىز، ئاتىلار يولىدىن داجىپ،
ئىختىيار بەردۇق گاسلىق مەيلىگە.

ئىلىم ئۆگىنىپ، ئىگەللەپ ھۈنەر،
باشقىلار قۇردى بىلىم تەختىنى.
مۇرات-مەقسەتكە كەبى يەتكۈزەر،
ئۇيغۇرلار كۆزلەپ ماڭار مەككىنى.

ئاللاھ جېكىلەپ ئېيتقان بەندىگە:
-يارىتىش مەندىن، يارىلىش سەندىن.
بىزلەر ھەممىنى ئارتىپ تەقدىرگە،
سائادەت ، ئەرك ئىزدىدۇق دىندىن.

تەپەككۇر كۆزىن گاراڭلىق توراپ،
كۆرمەس بۇرۇندىن نېرى يېقىنى.
تۇيغۇ، سەزگۈنى بىغەملىك ئوراپ،
ئايرىلماس رەڭنىڭ قارا، ئېقىنى.

ھەممىنى ئۆز دەپ، ئاقكۆڭۈل ساناپ،
ئېچىپ تاشلايسەن ئىچكى سىرىڭنى.
دۈشمەن قوينىدا يۈرەك تاش ساقلاپ،
ئاتىدۇ كۆزلەپ ئاجىز يېرىڭنى.

ئۆگەي ئاتالدىڭ بوغۇلۇپ ئۇنۇڭ،
ئۆزۈڭ بېغىڭدا ئەركىن سايرىيالماي.
قارا تۈنەككە ئايلاندى كۈنۈڭ،
دوستىنى، دۈشمەننى تېخى ئايرىيالماي.

تېنىڭدىڭ ئانا ماكانغا پاتماي،
بىلمەي كىم سالغان قۇللۇق سەۋداغا.
ئازاب، كۈلپەتكە قارشى ئوق ئاتماي،
دەردكە ئىزدەيسەن غايىبتىن داۋا.

ئىشەنچ ئارتقان «دوستىنىڭ» پەيلىدىن،
تالاي ئالدىنىپ چۈشتۈڭ بۇ كويغا.
ئەگەشكەن شىرمۇ قوينىڭ كەينىدىن،
كىملىكىن ئۇنتۇپ، ئايلىنار قويغا.

ۋەتەنسىز ئەلنى مەنسىتمەس دۇنيا،
كۆزگە ئىلمايدۇ ئەرزىمەس قەدرىڭ.
قانلىق ياش تۆكۈپ، قاقشىغىن، زارلا،
ھېچ كىم قەلبىنى تەۋرەتمەس دەردىڭ.

ئۆز دىيارىڭدا كەلگىنىدى يەكلەر،
دەپسەندە قىلىپ نومۇس، غۇرۇرنى.
ئۇيغۇر نەسلىدىن تارالغان ئەللەر،
ئەندى تەڭسىتمەي، خورلار ئۇيغۇرنى.

گۆدەكتەك يېڭى كەلگەن ھاياتقا،
تەمتىرەپ ئوچۇق يەردە ئاداشتۇق.
بۆيۈك تاغلارنى تارتقۇزۇپ ياتقا،
ئۆز ئارا پاكار دۆڭنى تالاشتۇق.

يالا چاپلىنىپ ئىزگۈ ئىشىڭغا،
سەندىن باشلىنار قارا تىزىملار.
چۈشكەن كۈلپەتلەر ئازدەك بېشىڭغا،
ناھەق تېڭىلدى خۇنۈك «ئىزملار»

زوراۋان تەختكە ئولتۇرغان زامان،
ئادالەت، ھەقلىق، ھەقىقەت زەيىپ.
شۇڭا قۇياشسىز، ئېگىسىز قالغان،
تەنها ئۇيغۇرغا تېڭىلار ئەيىب

## سوئال

كۆڭۈل قانغىچە بولالماي خۇشال،
غەم-تەشۋىش ئوراپ ئالار بەربىر.
جاننى قىينايدۇ جاۋابسىز سوئال،
نېمىشكە بىر ئەل، ئىككى خىل تەقدىر؟

سالماق يوقاتقان كەبى بەدىنىڭ،
يۈرگەندەك ئۆزۈڭ لەيلەپ ھاۋادا.
ئىشەنچسىز باسقان ئاياق قەدىمىڭ،
باشنى تۆرىتىپ قويار ناۋادا.

بىباھا ئەزىز ھۆرىيەت قەدرى،
دېگەندە خىيال ئۆتمۈشنى بويلار.
ئالدىمغا كېلىپ خەلقىم تەقدىرى،
چۈلغاپ ئالىدۇ كۆڭۈلسىز ئويلار.

قارام تەقدىرگە ئوقۇيمەن نالەت،
بىزگە ئەركىنلىك قىلمىغان ئاتا.
جاۋاب تاپالماي ئۆزۈم خىجالەت،
قاچان، قەيەردە ئۆتكۈزدۇق خاتا؟

بەختكە قاراپ تۇردۇم ھەۋەستە،
ئەركىن ھاياتنىڭ ھىدىنى پۇراپ.
بېشىم ئېگىلىپ، يۈرىكىم خەستە،
ھەسرەت ئورىدى ئۆزىگىم ئۇپراپ.

# مەن لۇتپۇللا ئەۋلادى

مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
(ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل)

شۇنداق بىر جەڭگىۋار روھلارغا بۆلەپ،
ئۆتكەن ئۇ خەلققە ھەق بەدەل تۆلەپ.
قانداقمۇ ئۆتەي مەن سۈكۈتتە، چۈنكى،
جەڭگىۋار لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

مىسرالار تىزىلغان ئوق بولۇپ ياۋغا،
زۇلۇملۇق زاۋالى سىغمىغاچ جانغا.
قىساستا تۇرىمەن قان بىلەن قانغا،
قىساسكار لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

تارىخنى چارلايدۇ يۈرەر ھەر ھەققىم،
ئۈمىدنى ئۈزمىگىن شۇڭا ھەي خەلقىم.
سەن بىلەن چەمبەرچاس مېنىڭ ھۆر بەختىم،
پىداكار لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

يەتمىدى يېشىڭمۇ چارەك ئەسىرگە،
ئوخشماي ئۆمرۈڭمۇ باھار پەسلىگە.
يېتەلمەي قىينالدىڭ ۋەتەن ۋەسلىگە،
ئۈمىدۋار لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

بەختىڭنى ئىزدىدىڭ ئەزىز خەلقىڭدىن،
ئۆرگۈلدى خەلقىڭمۇ ئۆتكۈر ئەقلىڭدىن.
شۇنداق بىر غۇرۇردا سېنى ئەسلىدىم،
قۇتادغۇ لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

شۇ ئويغاق يۈرەكنى بۆلدىڭ سەن مىڭغا،
باسماق بوپ ۋەتەننى مەھكەم باغرىڭغا.
ھەۋەس قىپ، غۇلجا ھەم قەشقەر تارىمغا،
ھەۋەسكار لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

دەھشەتلىك ئۆلۈمىڭ ئىبزەر يۈرەكنى،
شۇڭا مەن دەس تۇرۇپ، تۇردۇم بىلەكنى.
ئىجابەت بولسۇن دەپ ئارزۇ - تىلەكنى،
مەخسەتچان لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

ئايلارنى قوغلاپ ھە ئۆتمەكتە يىللار،
يەنىلا شۇ يولدا مەھكەم بۇ قوللار.
بىر كۈنى يېشىلەر چىگىچ شۇ يوللار،
غۇرۇرلۇق لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

ئۈمىدلەر كۆتەركەن ئوغۇل قىزىدىن،
شۇنداق بىر ئۈمىدتە مىسرالار تىزدىم.
مەنمۇ بىر شائىرمەن باسقان ئىزىدىن،
ئوت يۈرەك لۇتپۇللا ئەۋلادى ئۇ مەن.

پەنجىمى، قازاقىستان

# كۈز نەزمىسى

سەرۋى (ئامېرىكا)

سۇلسا گۈللەر پۈرلىشىپ، بولسا ھەم ياپراق خازان،
تۇرنىلار قاقسا قانات ناتونۇش يۇرتلار تامان.
چۈشسە سىم-سىم ئاق يېغىن تۈندە چەكسە پەنجىرەم،
قايتىلانماس ياز چۈشى بۇ كۆڭۈلگە زەپ ئايان.

جىلمىيىپ كۈلگەن گۈزەل نەۋقىران ياپراق قېنى،
سارغىيىپ سۇلسا بۈگۈن لاتقىغا تاشلار زامان.
نەئۈچۈن باسماس پىغان، بۇ كۆڭۈلنى بۇ كېچە،
ياپ-يېشىل ياپراق تۆگەل سارغىيىپ بولسا سامان.

ياندۇرۇپ شامنى غۇۋا، ئۇيقۇدىن بىدارىمەن،
بۇ خازان پەسلى كۆڭۈلنى دەردكە سالغاچ بەك يامان.
ئاھ سوقۇپ خازان بېتىنى قىينايدۇ كۈزنىڭ يامغۇرى،
خارۇ-زار ئىنسان كەبى قەدرى يۈتكەندۇر قاچان.

ئاھ ئۈمىت-ئارمان قېنى، ياپ-يېشىل ياپراق كەبى،
يوقلىغاي مەھزۇن كۆڭۈلنى شاد ئېتىپ ئەمدى قاچان.
كىم بىلەر قايسى جۇدۇنلۇق قىش كېلەر كۈز كەينىدىن،
كۆتكىلى ئىللىق باھارنى بارمىكىن تەنلەردە جان.

2020 -يىلى 3 -ئۆكتەبىر، ئامېرىكا

# جەم بولۇش*

(ھېكايە)

مۆيەسسەر ئابدۇلئەھەد (خەندان)

– ئۇ مېنى ئۇردى، بېشىمغا ئۇردى، ئۇنىمۇ ساقچىلار ئەكېتىشى كېرەك.

ساقچىلار... ئۇ تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتتى.

– ساقچىلار يامان ئادەملەرنى ئەكەتمەيدۇ، ياق! ساقچىلار ئەكەتمىسۇن، لېكىن جازالىنىشى كېرەك.

كۆزلىرىدىن ئاققان ياش بىلەن بېشىدىكى ياردىن سىرغىۋاتقان قان ئارىلىشىپ يۈز - كۆزىنى بويلاۋاتاتتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

– بايا يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەر ماڭا قارىغاندەك قىلدى، بىر ئايال كېلىپ: «كىمنىڭ بالىسىسەن؟» دەپ سورىدى. گەپ قىلمىدىم. ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ كېتىۋەردىم. كىمنىڭ بالىسى بولسام، شۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويالامدۇ؟ ياق! يەنە شۇ يەرگە ئاپىرىدۇ، ئۇ ياتاق بەك سوغۇق، تالا بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭدىن تالادا يۈرسەم نېمە بوپتۇ؟ ئاپام بىلەن دادامنى تاپىمەن مەن.

ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى، بۇرنىغا پولۇنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى، ئاپىسى ئەتكەن پولۇنىڭ پۇرىقى...

ئەنە، ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى، يەنە شۇ مەززىلىك پولۇنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ.

– ئاپا! – ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ھويلىدىكى يازلىق ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقان ئاپىسىغا ئېسىلدى.

– ۋاي جېنىم قوزام، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتتىمۇ؟ قارا، سەن ئامراق پولۇ ئېتىۋاتىمەن، ھازىر دۈملىسەم، بىردەمدىلا دەم يەيدۇ. ۋايىەي، كىيىملىرىڭ نېمانچە توپا بولۇپ كەتتى؟ يەنە باللار بىلەن چېلىشىپ ئويناپسەن - دە! ھە بوپتۇ، بېرىپ يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇۋال، ئۇنىڭغىچە ئاش پىشىدۇ، داداڭمۇ كېلىپ قالار.

دەرۋازىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى بىلەن بوسۇغىدىن ئەرەنچە ۋېلىسىپىتنىڭ رولى كۆرۈندى. ئالدىدىكى سېۋەتتە بىر خالتا ئالما ئېسىلىق تۇراتتى.

– دادا! – ئۇ ئەمدى ئاپىسىنى ئۇنتۇپ دادىسىغا قاراپ يۈگۈردى. ئاپىسى: «ئالمىنى كۆرۈپ پولۇنى ئۇنتۇدى، دادىسىنى كۆرۈپ ئاپىسىنى، قارا بۇنى» دەپ كۈلۈپ كەتتى.

چايخانىدا ئۈچەيلەن ئولتۇرۇپ پولۇ يەۋاتتى. دادىسى ئەكەلگەن ئالمىلاردىن ئۈچى پولۇغا بېسىلغانىدى. ئۇ پولۇغا بېسىلغان ئالمىنى بەك ياخشى كۆرەتتى...

قار ئاستىدىن چىقىپ قالغان ئالمىنىڭ سېپى ئۇنى يەنە بۇ دالىغا تارتىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىرئاز ئىككىلەندىيۇ، ئاستا بېرىپ سېپىدىن تارتتى. يېرىمى چىشلەنگەن ئالما ئىدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئەتراپقا قارىدى، كەڭرى كەتكەن بۇ يەردە بىرەر كىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئالمىنىڭ چىشلەنمىگەن تەرىپىنى قارغا سۈرتۈۋېتىپ ئاز - ئازدىن چىشلىدى. بۇ دادىسى ئەكەلگەن ئالمىغا ئوخشاش ئاپورت ئالما ئىدى...

– دادا، بۇ ئالما بىزنىڭ ھويلىدىلا يوقكەن، بىزمۇ تېرىايلىچۇ.

– ھە ماقۇل بالام، بىراق ئالمىنى تېرىمايمىز، ئەتىياز كەلگەندە ئالما كۆچىتى ئەكېلەي، ئۆزۈڭ تىككىن.

لېكىن، دادىسى دېگەن ئەتىياز كەلمىدى. ئەتىيازغۇ كەلدى، دادىسى بار ئەتىياز كەلمىدى...

ئۇ قولىدىكى يېرىم تۈگىلىغان ئالمىنى يەۋېتىپ، ئۆزى تىكىدىغان ئالما كۆچىتىنى خىيال قىلىشقا باشلىدى: «چوقۇم شاخلىرى جىققىدە، باراقسان بىر دەرەخ بولاتتى. مەن بىر سەھەردە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چېچەكلىگىنىنى بايقاپ قالاتتىم، ئاندىن غورىلايتتى، غورىلىرى سەل چوڭايغاندا ئاز - تولا يەپ سالاتتىم، ئاپام: ‹ھاي بالام، پىشقاندا يە، قورسىقىڭ ئاغرىپ قالىدۇ› دەيتتى. دادام بەك خاپا بولۇپ كەتمەيتتى. ئۇمۇ چوقۇم كىچىك ۋاقتىدا جىق غورا يېگەن بولسا كېرەك. بۇ غورىلار پىشقاندىچۇ تېخى بەك تاتلىق بولۇپ كېتەتتى. ئاندىن ئاپام پولۇغا بېسىپ بېرەتتى.» ئۇ خىيالغا بېرىلىپ كېتىپ، ئېقىشتىن توختاپ قالغان ياشلىرىنىڭ قايتىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالدى.

يېرىم چىشلەنگەن ئالما بەك بەرىكەتلىك بولۇپ كەتكەندەك تۈگىمەي دېمەيتتى، «‹تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر› دېگەن مۇشۇمىدۇ - يا؟!» لەۋلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەن، ئىچىگە كىرىۋاتقان مۇزدەك ئالمىنىڭ تەسىرىدىن ئاشقازىنى مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، خۇددى نېرۋىلىرى ئىشلەشتىن توختاپ قالغاندەك بۇ تۇيغۇلاردىن خالىي ئۆز ئىشىغا بەند بولدى. قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى ئالدىغا ئىتتىرىۋاتاتتى، ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ ماڭغانىدى چۈنكى، توختاپ قالسا بولمايتتى.

* بۇ ھېكايىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئەنگلىيەدىكى «پەش نەشرىياتى (Comma Press)» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھەممە تاملار ئۆرۈلىدۇ» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن (ئا.)

«ئاپام بىلەن دادام مۇئەللىمنىڭ بېشىمغا ئۇرغانلىقىنى بىلسە، چوقۇم ئۇنىڭدىن ھېساب سورايدۇ. ئۇ بەك زالىم، قوللىرىمغا قاتتىق ئۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلىيەلمىدىم، ئاندىن ‹ئىشلىمىدىڭ› دەپ بېشىمغا ئۇردى. ئاشخانىدىمۇ يېيىشىۋېلەك شورپىسى بىلەن گۆرۈچتىن باشقا نەرسە بەرمەيدۇ، ئىككى ۋاخ قاتتىق نان بىلەن چاي ئىچىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا دەيمەن، ئۇلار مېنى چوقۇم بۇ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ياخشى مەكتەپكە بېرىدۇ.» ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىدە سۇس كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى...

ئۇ تۇنجى كىرگەن مەكتىپىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، شۇ يىلى مەھەللىسىدىكى تۇرسۇنئاي ھەدىسى يېڭى سىنىپ ئالغانىدى، دائىم «سېنى ئۆزۈم ئوقۇتىمەن» دەپ ئەركىلىتىدىغان تۇرسۇنئاي بۇ مەكتەپتە مۇئەللىم ئىدى.

– مەن تۇرسۇنئاي ھەدەمدە ئوقۇيمەن، – دەپ تۇرۇۋالدى. ئاپىسىنىڭ كۈلۈپ كەتتى، دادىسى:

– تۇرسۇنئاي ھەدەڭدىن باشقىسى سېنى ئوقۇتالمايدۇ، سەن باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان تۇرساڭ، – دەپ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشتى.

– ۋاي، مېنىڭ ئۇكام چوڭ بولۇپ ئوقۇغىلى كەپتۇمۇ؟ كېلە، ئۆزۈمنىڭ سىنىپىمدا ئوقۇتىمەن سېنى، – شۇنىڭدىن بۇيان تۇرسۇنئاي ھەدىسى تۇرسۇنئاي مۇئەللىمى بولدى. ئۇنى ئەتىگەندە ئۆيىدىن ئېلىۋېلىپ، كەچتە ئەكېلىپ قوياتتى. يول بويى ئۆگەنگەنلىرىنى سوراپ تەكرار قىلدۇراتتى. ئۇ تۇرسۇنئاي مۇئەللىمىگىمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى...

بىتەلەي ئادەملەر ئۈچۈن ياخشى كۈنلەر ئۇزۇن سۈرمەيتتى، ئۇ بۇنى يەتتە ياش ۋاقتىدىلا ئۆگەندى.

– مۇئەللىم سىلەرگە: «ئانا تىلىڭلارنى پىششىق ئۆگىنىۋېلىڭلار، ئاندىن باشقا تىللارنى ياخشى ئۆگىنەلەيسىلەر» دېدىمۇ؟

– ھەئە، شۇنداق دېدى. بىزنىڭ مۇئەللىم دەرسنى بەك ياخشى ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭ بىر ئېغىز «ھەئە»سى تۇرسۇنئاي مۇئەللىمدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولدى. مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئۇ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى غەلىتە كۈلكە خۇددى يىراقلاردىن كەلگەن قورقۇنچلۇق بىر ھۆكۈمدەك تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىدا قايتا - قايتا جانلىنىپ كەلدى.

– بۈگۈن بىزگە باشقا مۇئەللىم دەرس ئۆتتى، ئۇ: «ئەمدى ئۆيگۈرچە ئۆگەنمەيسىلەر، ئۆيدىمۇ ئۇيغۇرچە گەپلەشمەيسىلەر، دۆلەت تىلىمىز سىلەرنىڭ ئانا تىلىڭلار بولىدۇ» دېدى. ئاپا، تۇرسۇنئاي مۇئەللىم نەگە كەتتى؟

ئاپىسى جىمىدە تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

– سەن تۇرسۇنئاي مۇئەللىمنى چېقىپسەن، ئۇنى شۇڭا ئېلىپ كېتىپتۇ، – دېدى بىر كۈنى باللارنىڭ بىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

– ياق! مەن چاقمىدىم، كىم دەيدۇ؟ – ئۇ تووۋلىۋەتتى.

ئۇيغۇرچە تووۋلىغىنى ئۈچۈن ئۇ شۇ كۈنى جازالاندى، ھەممە باللار كەتكەندە سىنىپنى ئۈچ قېتىم سۈپۈرۈپ، يەرنى سۈرتتى...

– تۇرسۇنئاي مۇئەللىمنى مەن چاقتىم، مەن «ھەئە» دېدىم. مېنىمۇ ساقچىلار ئېلىپ كېتىشى كېرەك، – بۇ سۆز شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئورناپ كەتتى...

قولىدىكى ئالما بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، يېرىمىنى كىم چىشلەپ تاشلىغان بولغىيدى؟ بەلكىم بىر ئەركە بالا. «خىتاي بولۇپ قالسىچۇ؟» ئۇ شۈركۈندى، خىتاي چىشلەپ تاشلىغان نەرسىنى يېسە قانداق بولىدۇ؟ «ئەقلى بۇلغىنىدۇ» دەيتتى ئاپىسى. ئۇ قولىدىكى ئالمىغا قاراپ كۆزى قىيمىغان ھالدا تاشلىۋەتتى.

– ئەمدى مېنىمۇ ئەكېتىدۇ، – دەپ ئويلىدى ئۇ...

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ساقچى ماشىنىسىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ياڭرىدى. ئەنە بەللىرىگە چوڭ مىلتىقلار ئېسىلغان ساقچىلار قول تاپانچىسى بىلەن ئۆيگە بېسىپ كىردى.

– ھەممىڭ قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تىزلان!

ئۇلار ئادەمگە تىزلانمايتتى. ساقچىلارنىڭ قولىدىكى كالتەكلەر بىر - بىرلەپ تېگىشكە باشلىدى. ئۇ بىر چەتتە تېگىرقىغان ھالدا بۇ مەنزىرىگە شاھىت بولدى. «ئاپا!» بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ ئاپىسىغا ئېسىلغانىدى، يۈزى قارا لاتىدا ئوراقلىق ساقچىلاردىن بىرى ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ ئاپىسىدىن ئاجراتتى. ئۆيلەر ئاختۇرۇلدى، ئاپىسى تىقىشتۇرۇپ قويغان مۇھىم كىتابلار ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاندى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ساقچى ماشىنىسى ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدى، ئاپىسى بىلەن دادىسى ئىچىدە قالغان ساقچى ماشىنىسى.

– ئاپام بىلەن دادام ساقچى ماشىنىسىدا...، – ئۇ چالا - پۇچۇق خىتايچىسى بىلەن مۇئەللىمدىن سورىدى، – نېمە ئىش قىلساق، ساقچى ماشىنىسىغا چىقالايمىز؟

مۇئەللىم ئۇنىڭ سوئالىغا ھەيران بولۇپ، قورقۇنقاندەك:

– مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساڭلار، مەكتەپنىڭ تۈزۈمىگە بويسۇنمىساڭلار، ساقچىلار ئەكېتىدۇ، – دېدى.

ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، مەكتەپكە كېچىكىپ كېلىدىغان بولدى. مۇئەللىمدىن دائىم ئازار ئىشىتىپ، تاياق يەپ تۇردى. ئۆيدە ھېچكىم بولمىغان، قوشنىلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويغان بىر ھەپتە بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرسىزمۇ تولىمۇ تەستە ئۆتكەنىدى. ئاخىر، ساقچى ماشىنىسى يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۆتكەنكىدەك قورقۇپ كەتمىدى، ھەتتا بىرئاز خۇشالمۇ بولدى.

ساقچىلار ئۇنى ماشىنىغا سالغاندا ئۇ ماشىنىنىڭ ھەممە يېرىگە قارىدى، ئاپىسى بىلەن دادىسى كۆرۈنمەيتتى.

– ئاپام بىلەن دادام نەدە؟

– جىم بول، – دېدى ساقچىلارنىڭ بىرى.

ئۇ يول بويى ئۆزىنى ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىدىغان بۇ ماشىنىنى ياخشى كۆرۈپ ماڭدى، لېكىن ئۇ بارغان يېرىدىمۇ ئۇلارنى ئۇچراتمىدى. ئۇنى ئەتراپى قورشالغان بىر يەرگە ئەكىرىشتى. سوغۇق چىراي بىر باشلىق بىر ۋاراق قەغەزگە بىر نېمىلەرنى يازغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە بىر سۈرلۈك تەلەت بىر ئايالغا تاپشۇردى.

– مەن ئاپام بىلەن دادامنى كۆرمەكچىدىم، – ئۇ تەستە ئېغىزىنى ئاچتى.

– ئۇ نېمە دەيدۇ؟ – دېدى ئايال خىتايچە.

ساقچىلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى.

– بۇ يەردە ئاپاڭ، داداڭ يوق. ئۇلار خاتا ئىش قىلىپ قولغا ئېلىنىدى، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن تەربىيەلىنىسەن. بولمىسا، سەنمۇ ئۇلاردەك ئاقىۋەتكە قالىسەن، – باشلىق ئۇنىڭغا قاتتىق - قاتتىق تەلەپپۇزدا ئۇستەلنى ئۇرۇپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇيغۇر ساقچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى بۇيرىدى. ساقچىنىڭ تەلەپپۇزى بىرئاز يۇمشاق، كۆزلىرى بىرئاز مېھرىبان ئىدى، دادىسىنىڭ كۆزلىرىدەك. بىراق، سەل قورققاندەك تۇراتتى، ھالبۇكى دادىسى قورقمايتتى.

ئۇ ئەمدى ساقچى ماشىنىسىدىنمۇ، قورشالغان بىنالارنىڭ ئىچىدىنمۇ ئۇلارنى تاپالمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىۋالدى. كۆزلىرىدە ياش ئۆمەللىدى...

ئۇ يولىغا داۋام قىلدى. ئاتا - ئانىسى بەلكىم باشقا بىر يەردىن چىقىپ قالار، بۇ ئۈمىدنى ئۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئىچىدە بىر نەرسە ئۇنى بۇ يولغا سالغانىدى، چوقۇم بۇ يولنىڭ ئاخىرى ئۇلارغا چىقاتتى، ھېچبولمىسا، ئۇ بۇنىڭغا ئىشىنەتتى.

– ئۇلار مېنى ئىزدىمىدى، بەلكىم مېنى ئۆيدىن تاپالمىغاندۇ. ئۆيگە بېرىپ قاراپ باقسامغۇ بولاتتى، لېكىن ئۆيگە بارسام، تۇتۇلۇپ قالىمەن. تۇتۇلۇپ قالسام، يەنە شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىشتىن كۆكىرىشكە ئۆتكەنىدى، پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە توڭلاپ ئاخىر سەزمەس بولۇپ قالدى.

– بەلكىم ئۇلارنىمۇ مېنى قاماپ قويغاندەك قاماپ قويغاندۇ؟ – بۇ خىيال ئۇنى چۆچۈتتى، – توغرا، بولمىسا مېنى چوقۇم ئىزدەپ تاپاتتى...

ئۇ ئاپىسىنىڭ دائىم ئېيتىدىغان ناخشىسىنى ئەسلىدى:

جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئۇتتۇك يامان مەرەمنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئۇتتۇك يامان مەرەمنىسا...

بۇ ناخشا ئۇنىڭغا بەك قىزىق تۇيۇلاتتى، بىراق ئېيتقانسېرى ئاپىسىنىڭ كۆزىدىن ياش توختىمايتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا بۇ ناخشىنى ئىككى قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئانىنىڭ تولۇغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئاپىسى شۇ چاغلاردا يىراق ئاتۇشتا قالغان ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەۋاتامتى ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا تۆگەپ كەتكەن قىزىنىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى...

– مەن ئۇلارنى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايمەن، مەكتەپتىنمۇ قېچىپ چىقالىدىمغۇ مانا، – ئۇ ئۆزىدىن بەك پەخىرلىنىپ كەتتى. ئاتا - ئانىسى ئاڭلىسا ئۇلارمۇ چوقۇم بەك پەخىرلىنەتتى.

– دادىسىنىڭ بالىسى - دە، – دەپ كېتەتتى دادىسى.

– ۋىيەي، ياخشى بولسىلا سىزنىڭ بالىڭىز، يامان بولسا مېنىڭ بالام بولۇپ قالىدىكىنە، – ئاپىسى ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قوياتتى.

ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ئۆزى قاچقاندەك ئۇلار بار يەرگە كەلگەن ماشىنىنىڭ ئارقا كوزۇپىغا كىرىۋېلىپ قاچۇرۇشنى ئويلىدى، شۇنداق بولغاندا بەلكىم ئۇنى ھېچكىم كۆرمىگەندەك ئۇلارنىمۇ كۆرمەي قالىدۇ. ماشىنا سىرتقا چىقىپ ماي پونكىتىغا كېلىپ توختىغاندا يەنە ئاستا كوزۇپتىن ماراپ ھېچكىم يوق چاغدا قاچالايدۇ.

ئۇ ئەزەلدىن ئۆيىدىن قاچمايتتى، بىرەر يەرگە بارىدىغان بولسا چوقۇم ئاپىسىغا دەپ قوياتتى. ئۇلار ئەنسىرەپ كېتەتتى. بۇنى ياخشى بىلەتتى، چۈنكى بىر قېتىم ھېچكىمگە دېمەي باللار بىلەن دەريا بويىغا قاچقانىدى. ئۈستىبېشى ھۆل ئۆيگە كىرگەندە ئاپىسىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان، دادىسىنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىۋاتقان ھالىتى بىلەن ئۇچراشتى.

– نەگە كەتتىڭ؟ – دادىسىنىڭ

كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈشى بىلەن بۇ سۆزى ئېغىزىدىن پارتلاپ چىققاندەك بولدى.

– ئاھ جېنىم بالام، – دادىسى ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ كېلىشىگە ئاپىسى قۇچاقلىۋالدى، – بولدى ساق - سالامەت يېنىپ كەپتۇ، بالىنى قورقۇتماڭ.

شۇ كۈنى ئۇ دادىسىغا ئەمدى بۇنداق قىلماسلىقنى ۋەدە بەردى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ بەكلا قورققانىدى. دادىسىغۇ ئۇنى پەقەت ئۇرۇپ باقمىغان، لېكىن شۇ چاغدىكى ئەلپازىدىن ئاپىسى تۇتۇۋالمىسا ئۇرۇۋېتىدىغىنىغا ئىشىنىپ قالغانىدى...

– ئاپام - دادامنى قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن نەگە بارساق بولار؟ ھە، ئاتۇشتىكى موماملارنىڭ ئۆيىگە كەتسەك، ھېچكىم بىزنى تاپالمايدۇ، ئاپام ئاتۇشنى بەك يىراق دېگەن، ئالدىنقى يىلى بەك تەستە بارمىدۇقمۇ؟ ئۇ يەرگە ساقچىلار چوقۇم بارالمايدۇ، – ئۇ ئۆزىنى قەھرىماندەك ھېس قىلىپ خىياللىرىدا مەست بولۇشقا باشلىدى، – مومام مېنى: «ۋاي قەھرىمان ئوغلۇم» دەپ تۆرگە باشلايدۇ. ياق، مەن تۆرگە چىقسام بولمايدۇ، تۆردە دېگەن چوڭلار ئولتۇرۇشى كېرەك. ئاپام بىلەن دادام ئولتۇرسۇن، ئۇلارنى مەن قۇتۇلدۇرغان بولساممۇ، ئۇلار دېگەن مەندىن چوڭ - دە.

ئۇ ئالمىنى تاشلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى، قورسىقى كوركىراپ ئېچىشقا باشلىدى.

– قورسىقىم، ئاچماي تۇرۇپ، ئاتۇشقا بارغاندا بىراقلا ئاچساڭ بولمامدۇ؟ مومام پەيزى تاماقلارنى ئېتىپ قوياتتى، نارىنىنى چوقۇم ئېتىدۇ.

ئۇ ئاتۇشتا يېگەن نارىنىنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، ئاپىسىمۇ بۇرۇن ئېتىپ بەرگەن، لېكىن مومىسىنىڭ ئەتكىنى تېخىمۇ بەك تەملىك ئىكەن.

– ئاۋۋال پولۇ يېسەم بولارمۇ، نارىنمۇ؟ ئاز - ئازدىن يەي، بولمىسا قورسىقىم ئاغرىپ كېتىپ جىق نەرسە يېيەلمەي قالىمەن، – ئۇ يەنە شۇ ۋاقىتتا مومىسىنىڭ تاماقلىرىدىن بەك جىق يەۋېلىپ ئاشقازىنى كۆپۈپ ئاغرىپ كەتكىنىنى ئەسلىدى. مومىسى بىر نەرسىلەردىن دورا ياساپ ئۇنىڭغا ئىچۈرۈپ ساقايتقانىدى.

ئۇ كالپۇكىنى يالاپ قويدى، گويا قېلىن قار ئۈستىگە بىر داستىخان سېلىنىپ شۇ تاماقلاردىن تىزىپ قويۇلغاندەك بىلىندى - دە، ئاستا «داستىخان»غا يېقىنلاشتى. قولىنى سوزۇۋېدى، چىققىنى بىر ئوچۇم قار بولدى، بۇ ئۇنىڭغا پولۇدەك كۆرۈندى. «پولۇنى قولدا يېسە تېخىمۇ تەملىك بولىدۇ» دېگەنىدى مومىسى. ئۇ قارنى ئېغىزىغا سالدى.

– ئەجەب سوغۇق پولۇكەن بۇ، ئېتىپ قويغىنىغا ئۇزۇن بولدىمىكىنە؟ – ئۇ سەل رەنجىگەندەك بولدى. مومىسى مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئېشىپ قالغان تاماقنى ئەكەلمەيتتىغۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئادەتتىكى مېھمان ئەمەس، «قەھرىمان» بىر مېھمان تۇرسا...

داستىخاننى ئۇنتۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى، ئاشقازىنىمۇ كورۇلداشتىن توختاپ قالغاندەك قىلاتتى. ھەنىم بولسا، بىر ئوچۇم «پولۇ» بىلەن تويدى، ئۇنىڭ ئۇ سوغۇق «ئاش»تىن يەنە يېگۈسى يوق ئىدى.

– بۇ يوللار بەك تونۇش تۇرىدۇ، ئاپاملار مۇشۇ يەردىمۇ نېمە؟ – ئۇ مېڭىشتىن توختاپ ئەتراپقا قارىدى. ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن دەرەخلەر ۋە كەڭرى ئوچۇقچىلىقتىن باشقا بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى. يىراقتىن ئىككى سېپىمانى كۆرگەندەك بولدى. يۈزىگە ئىككى ئايدىن بېرى يېقىن يولىمىغان كۈلكە يۈگۈردى، ئاپىسىنىڭ يۇڭلۇق ياغلىقى، ماموق چاپىنىنى تونۇدى، ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكىنى قارغا پاتۇرغىنىچە ئالدىغا مېڭىۋاتاتتى. دادىسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىر جۈپ ئالغان قىشلىق دوپپىسى، قارا پەلتوسى ئۇنىڭغا يات ئەمەس ئىدى. ھازىر قار كاشىلا قىلمىغان بولسا، پىرقىراپ بىر پەدە ئۇسسۇل ئوينىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈگۈرگۈسى بار بولسىمۇ، بۇ قاردا يۈگۈرۈش تەس ئىدى، پۇتلىرى قېتىپ قالغاندەك ئالدىغا مېڭىشىمۇ ئاسان بولمايۋاتاتتى.

– ئاپا! دادا! – ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئەتراپقا يېيىلدى، ئۇلار ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئۈزمەي، ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا غەيرەت قىلدى. بېشىدىن ئېقىۋاتقان قان توختاپ پېشانىسىدە ۋە يۈزىدە قان قېتىشىپ قالغانىدى، قورسىقىنىڭ ئېچىشى، پۇتلىرىنىڭ قېتىپ قېلىشى دېگەنلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

– ئۇلارنى ئاخىر تاپتىم، ئۇلار چوقۇم ئاتۇشقا ماڭدى. بىراق، ئۇلارنى مەن قۇتۇلدۇرمىدىم، شۇڭا مومام مېنى تۆرگە باشلىمايدۇ، لېكىن مەيلى - دە، بەربىر تۆردىمۇ ئولتۇرمايتتىم.

قەھرىمان بولالمىغىنىدىن ئۇنىڭ بىرئاز روھى چۈشكەندەك بولدىيۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەنە ئىچ - ئىچىگە سىغماي قالدى. «بىراق ئۇلار نېمىشقا مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىمايدۇ؟ پاراڭلىشىۋاتقان بولسا، دىققەت قىلمىدىمۇ - يا؟ ياكى باشقا بالىمىكىن دەپ قالدىمۇ؟» ئۇ ئۇلارنىڭ ساقچى ماشىنىسىدىن قۇتۇلۇپ بولغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنى ئىزدەپ كەلمىگىنىدىن رەنجىپ قالدى، «مېنى ئىزدەپ ماڭدىمۇ؟» دەپ بولۇپ توختاپ قالدى. «ياق! مېنى ئىزدەپ ماڭسا، بۇ تەرەپكە ماڭمايتتى، بۇ دېگەن چوقۇم ئاتۇشنىڭ يولى. ئۇلار مېنىڭ ئاتۇشقا بارىدىغىنىمنى بىلىپ قالغان بولسا ئۇنىڭ يولى باشقا.» ئىشقىلىپ، كۆرۈشكەندە ئۇ چوقۇم بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. «نېمىشقا مېنى ئىزدىمىدىڭلار؟» دەپ ئازراق بۇتناپمۇ قويىدۇ، ئۇلار سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندە ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالغاندەك، ئۇلارنى توغرا چۈشىنىدۇ.

— ئالما بېسىلغان پولۇ...
— ئاپامنىڭ قولى...
— دادا، مېنى چىڭ تۇتۇۋېلىڭ...

ئۇنىڭ ئىغىزىدىن ھەرپلەر چۇشۇپ قېلىشقا باشلىدى، بېشى قايغاندەك، كۆز ئالدىدىكى يۇلتۇزلار كۆپەيگەندەك قىلدى. پۈتى چەكسىز بىر بوشلۇققا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. كەچ كىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنى تارتىۋاتقان تون تولۇن ئاينىڭ غۇۋا داغ چۈشكەن يۈزىنى كۆرسەتكۈسى كەلمىگەندەك تۇم قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئەتراپىنى ئورىۋالغانىدى. يۇلتۇزلار... ئۇ ياز ئاخشاملىرى ھويلىدىكى باغدا يېتىپ سانايدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئۈزاق دېسە ئۈزاق، يېقىن دېسە يېقىن بىلىنىدىغان سېھرىي كۈچى، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقان ھەربىر يۇلتۇزنىڭ شوخلۇقى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تونۇش ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىدى، ئاتا - ئانىسىغا قولى يېتەيلا دەپ قالغانىدى.

— ئاپا! دادا! مەن كەلدىم. ئەمدى سىلەرگە دېمەي سىرتقا چىقمايمەن.

ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ باغرىدا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشەندى. چوڭقۇرلىغانسېرى، پۈت - قوللىرىنىڭ پەيلىرى تارتىشقانسېرى ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە كۆزلىرىنى ئاخىرقى قېتىم يۇمدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ھېچكىم، ھېچنېمە ئايرىۋېتەلمەيتتى، ساقچى ماشىنىسى ھەم.

# توزان قەسىدىسى

ئوسمانجان ساۋۇت

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
توزىمىسۇن يۇرتتىن كەلگەن توزانلار.
ئۇنى سۈرەي كۆزلىرىمگە، سۆيەيمەن،
مەن تېنىگەن، يول ئاداشقان قوزاڭلار...

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
قونسۇن ئۇلار ئۇستۇمگە، ياق قەلبىمگە.
ئانا يەرنىڭ زەررىسىدۇر ئۇ توزان،
نۇر بولغۇچى، مەن ئايرىلغان بەختىمگەَ!

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
پۇراپ ئالاي باغلىرىمنىڭ ھىدىنى.
ئىپار چېچەك، ئىپار غۇنچە، ئىپار گۈل،
يۇيسۇن دىلدىن ھىجرانلارنىڭ دېغىنى.

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
ئۇ زەررىلەر تەۋەررۇكتۇر، مۇقەددەس.
مەن كۆرمەن تەگرى تاغنى ئۇنىڭدىن،
كۈمۈش چاچلىق، مەغرۇر، ئۇلۇغ، زەبەردەس.

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
مەن ئۇنىڭدىن شاھ مۇقاملار ئاڭلايمەن.
شاۋقۇن سالار دەريالىرىم زەر قىرغاق،
خىيالىمدا دەريالارغا قارايمەن.

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
ئۇ ۋەتەنىنىڭ تۇپرىقىدۇر تۇتىيا.
ئىز تاشلىدى پېشانەمگە جۇدالىق،
يارا سالدى يۈرىكىمگە ھەر گىياھ.

ئىنسان پەقەت ئۇچ نانغىلا تۇياركەن،
توياركەنۇ نان غېمىنى قوياركەن.
غاپىللىقتىن ئۆچسە ئەقىل شاملىرى،
ئۆز كۆزىنى ئۆزى جەزمەن ئوياركەن.

(بۇلبۇل دەركەن تىكەنلەرنى ۋەتىنى،
ئالتۇن قەپەس ھەيۋىتىنى ئاچسىمۇ).
شۇ بىر قۇشچە بولالمىدىم ۋاي ئىسىت،
ئازغۇ مېنى تاغلار كېلىپ باسسىمۇ.

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
قىيالمايمەن ئۇنى ھەرگىز قېقىشقا...
بىر زەررىگە تەسەددۇقتۇر مىڭ ھايات،
ئۇ زەررىلەر سەرخىل شولا چېچىشتا...

قاقماي تۇرغىن قېرىنداشىم ئۇستۈڭنى،
ئۇستۈڭدىكى چاڭ توزانغا تەشنامەن.
چۆلدە قالغان يوگۇرگەندەك ئالۋۇنغا،
بىر ھالەتكە مەھكۇم بولدۇم، ئەسرامەن.

1981 - يىلى، ئىيول، بېيجىڭ

# پويىزدا

(كۈندىلىك خاتىرەمدىن)

نۇرىيە راھمان (شۋېتسارىيە)

**ئىلاۋە:** ھەرقانداق بىر ئائىلىدە ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى شۇ ئائىلىنىڭ بەختلىك ئائىلە ياكى ئەمەسلىكىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى. ئۆزئارا مۇھەببەت، مېھرىبانلىقتا تولغان بىر ئائىلىدە ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوچۇق-يورۇق پىكىرلىشىش، مۇڭدىشىش ئادەتكە ئايلانغان دېسەكمۇ بولىدۇ. مەن قىزىم بىلەن پۈرسەت تاپسىلا مۇڭدىشىمەن. ئۆتكەندە قىزىم بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇزۇن سۆھبىتىمىز يىللىق خۇلاسە سۆھبىتىدەك ئەھمىيەتلىك تۇيۇلدى. شۇڭا كۈندىلىك خاتىرەمگە قالدۇرغان شۇ قېتىملىق سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالاپ قالدىم.

كۈندىلىك خاتىرە بىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىكى ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرى بولۇپ، ئۆز ئىش-پائالىيەتلىرى، خىيال-تەپەككۇرلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرىدىن ئۆزى ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىدۇر. كۈندىلىك خاتىرە يېزىش بىر ئادەم ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قاراشلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا، ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى ئەركىن-ئازادە ئىپادىلەشنىڭ يوللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۈندىلىك خاتىرە بىر ئادەمنىڭ شەخسىيىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بىراۋنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى خاتىرە ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئوقۇش، يېنىك بولغاندا، ئەخلاقسىزلىق، ئېغىرراق بولغاندا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشتۇر. ۋاھالەنكى، كۈندىلىك خاتىرە يازغۇچىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزى ياكى باشقىلار ئارقىلىق خاتىرىسىنى ئېلان قىلىش بولسا بىيوگرافىيە يەنى تەرجىمىھال تۈردىكى بىر خىل بەدىئىي ژانىر ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندىكى يازما دەل ئۆز رايىم بىلەن ھەم قىزىم دىلفۇرۇز غېنىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، ھۆزۈرۇڭلارغا تەقدىم قىلغان كۈندىلىك خاتىرەمدىن ئارىيەدۇر.

بۈگۈن 2022 - يىلى 2 - يانۋار، يەكشەنبە

سەھەردە ئويغىنىپ، بۈگۈن يالغۇزلۇقۇمنى ئويلاپ، شەيتانلىقىم تۇتۇپ، مېيىقىمدا كۈلدۈم. شۇنداق، بەزىدە يالغۇز بولۇشنى خالاپ قالىمەن، خۇددى ئۆزۈمنى بىر كۈنلەردە يالغۇز قالىدىغان ۋاقىتلار ئۈچۈن تەييارلاۋاتقاندەك. بىر كۈننى ئۆزۈم خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇش، خالىغان تاماقنى ئېتىش ياكى ئەتمەسلىك، ئۆيدە بولۇش ياكى دوستلىرىم بىلەن سىرتتا ئۇچرىشىش، بىللە تاماقتا بولۇش، چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىش، خالىغان چاغدا ئۆيگە قايتىش دېگەندەك قارىماققا ئادەتتىمۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن،

ئەمما يالغۇز بولمىغاندا، يولدىشىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان ئىشلارنى مانا بۈگۈن بىمالال، ئۆز مەيلىم بويىچە قىلىدىغان بولدۇم.

مەن جەنۋەگە 15-20 كم كېلىدىغان بىر كىچىك كەنتتە تۇرىمەن. ئىككى مىڭچە ئاھالىسى بار بۇ كەنت دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولغاچ، ئادەم ئۆزىنى قىشمۇ-ياز تەبىئەتنىڭ قوينىدا ھېس قىلىدۇ. كەنتىمىزدىكى ئېتىزلارغا پەسىلگە بېقىپ تېرىلىدىغان ھەر خىل زىرائەت، كۆكتاتلارغا، چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ناھايىتىمۇ چىرايلىق تەمبەل ئاتلار، يازدا ئېگىز تاغلاردا ئوتلاپ، قىشتا تۆزلەڭلىككە قايتىپ چۈشىدىغان قوي-كالىلارغا قاراپ تويمايمەن ؛ ھەر باھار پەسلىدە يېڭى تۇغۇلغان تاي، موزاي، قوزا ۋە ئوغلاقلارنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمچە ئۇلارنى ئەركىلىتىپ سۆزلەپ كېتىمەن. بۇ ئوماقلارمۇ خۇددى ئۇيغۇر تىلىمنى چۈشەنگەندەك ئويناقلاپ كېتىدۇ؛ ھەر قېتىم ئېتىزلاردا كۆكلىگەن مايسىلارنى سىلاپ، بەزىدە ئىسىملىرىنى سوراشلىرىم ئۆزۈمگىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۇلار مېۋە بېرىشكە باشلىغاندىلا بىلەلەيمەن، ئەلۋەتتە. ئۆيىمىزنىڭ شەرققە قارايدىغان تەرىپىدە كەڭرى كەتكەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كىچىك بىر شەخسىي چارۋىچىلىق مەيدانى بولۇپ، يىراقتا بەھەيۋەت ئالپ تاغ تىزمىلىرى، بولۇپمۇ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4800 مېتىردىن ئاشىدىغان، ياۋروپادىكى ئەڭ ئېگىز چوققا، قىشمۇ-ياز ئاق قار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدىغان «مونت بلانك» (ئاق چوققا) كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆيدە بولسىلا، ئەتىگەندە بالكونغا چىقىپ، قېنىپ، قېنىپ نەپەس ئېلىپ، ئەتراپقا خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك زوق بىلەن قاراپ كېتىمەن. قىسقىسى، بۇ كەنتتە مەن خۇددى كىچىك چاغلىرىمدا ئۆز ۋەتىنىمدە ياشاپ كۆرۈش پۇرسەتلىرى بولمىغان تەبىئەت قوينىدىكى سەھرا ھاياتىنى ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا بولۇپ شادلىنىمەن.

ئىنسان كىمدىن تۇغۇلۇشىنى، نەدە تۇغۇلۇشىنى ئالدىن تاللىيالمايدۇ، ھەتتا بىر كۈنلەردە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا دىيارىدىن ئۆزى خالاپ ياكى خالىماي ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا، چەتئەللەردە ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەلۋەتتە، «قەيەردە روھىڭ ئاراملىق ھېس قىلسا، شۇ يەردە ياشا، شۇ يەر سېنىڭ ماكانىڭ» دېگەن گەپمۇ بار. قىزىم ئىككىمىز شۋېتسارىيەنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ ياشايمىز. شۋېتسارىيەدە ياشاۋاتقىنىمىزغا يىگىرمە نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ھېلىغىچە جەنۋەنى بەزىدە ئۇرۇمچى دەپ ئاتاپ

قىلىشلىرىم، قىزىم بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلىگەندە، « ئۇرۇمچى ۋاقتى » دېيىشلىرىم بار تېخى.

بۈگۈنمۇ بالكونغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. ئات مەيدانلىرىنى بىر قەۋەت قىرووۋ قاپلىغان بولۇپ، خۇددى يەرگە بىر پارچە ئاق گاز ياغلىق يېيىۋەتكەندەكلا گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. يىراقراقتىكى قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئۈستىدە سۇس كۆلرەڭ تۇمانلار تاراپ كېتىشنى خالىمايۋاتقاندەك ئەگىپ يۈرەتتى. قۇياش تېخى تولۇق كۆتۈرۈلمىگەن، ئەمما گۈزەل بىر تاڭنىڭ خەۋەرچىسى بولغان قىزغۇچ شەپەق نۇرلىرى تاغ كەينىدىن جۇلالىنىپ، كەڭ ئاسمانغا تارىلىۋاتاتتى. مەن مانا مۇشۇ قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان مىنۇتلاردىكى بىردە قىزغۇچ، بىردە ئالتۇن رەڭ، بىردە هالرەڭلەرگە ئۆزگىرىپ، ئەتراپقا توختاۋسىز تارىلىدىغان شەپەق نۇرلىرىنى خۇددى قۇياش پارلاپ تۇرغان گۈزەل بىر كۈننى لەرزان ئۇسسۇللىرى بىلەن جاكارلاۋاتقان هۆر قىزلارغا ئوخشىتىمەن هەم ئۇلارنىڭ نەپىس، هاياتبەخش ئۇسسۇللىرىدىن تەسىرلىنگۈسىز گۈزەل هاياجانلار ئىلكىگە چۆمۈلىمەن. هەي رەسسام بولغان بولسام، بۇ كۆرۈنۈشلەرنى قانداق چىرايلىق سىزىۋېتەتتىم-هە ؟! يازغۇچى بولغان بولسام، قانچىلىغان نەسىر، داستانلار پۈتۈپ كەتكەن بولاتتى؟! گۈزەل تەبىئەتتىن زوق ئېلىپ ياشاش نېمە دېگەن بەختلىك هايات-هە؟!

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا، كۈندىلىك خاتىرە يازاتتىم. بۇ ئادەتنى نەچچە ئون يىل داۋاملاشتۇرۇپ، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى توختىتىپ قويغانىدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدىم: بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئادىتىم بويىچە كۈندىلىك خاتىرە يازغان بولسام، نېمىلەرنى يازغان بولاتتىم؟ بولۇپمۇ، تۈنۈگۈن قىزىم بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ، جەنۇۋەگە قايتقان چېغىمىزدىكى سۆهبەتلىرىمىزنى. « هەي، يېزىپ قوياي جۇمۇ، قىزىم بىلەن خويمۇ ئوبدان پىكىرلەشتۇق. ئادەم يېشى چوڭايغانچە سەل ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدىكەن. ئېسىمدە باردا خاتىرىلىگىدەك ئەهمىيەتلىك ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويغىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپ، بۈگۈن خاتىرە يېزىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

سەهەردىكى بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن بەهرە ئالغاچ، ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئالدىرىماي ئىچتىم. بۈگۈن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى بىرەرقۇر رەتكە تۇرغۇزدۇم: ئەتىگەندە 10 كم يۈگۈرۈش، بىر سائەت يوگا ئىشلەش، چۈشتە قىزىم بىلەن تاماق يېيىش، چۈشتىن كېيىن «كىتاب ئوقۇش مۇنبىرى»گە ئەسەر ئوقۇپ تەييارلاش، كەچتە دوستۇم جانان بىلەن كۆرۈشۈش، ۋەهاكازالار. مەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. بىر هەپتىدىن بېرى تاغدا بولغاچ، گەرچە هەر كۈنى چاڭغا تېيىلىش، دالا يۈرۈشى قىلىش دېگەندەك هەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولساممۇ، هاردۇقۇم چىققۇدەك يۈگۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانىدى. شۇڭا بۈگۈنكى پىلانلىرىمنىڭ ئەڭ مۇهىمى قانغۇچە بىر يۈگۈرۈش.

ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ئادىتىنى بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى ۋەتەندىكى چاغلىرىمدىلا يېتىلدۈرگەن بولۇپ، هەپتىدە 20-10 ك م يۈگۈرۈش مەن ئۈچۈن نورمال بىر ئىش بولۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ئىرادەمنى سىناش يوللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جىسمانىي قۇۋۋىتىم يار بەرگەن ئەهۋالدا، روهىي جەهەتتىن غالىب كېلىشنى ئىستەيمەن. بۈگۈن يۈگۈرۈشنى خېلى كۆتۈرەڭگۈ روه بىلەن ياخشى باشلىدىم. هاۋا سوغۇق بولسىمۇ، كۆك ئاسماندىكى پارلاق قۇياشنىڭ نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ، ساپ هاۋادا ئەركىن نەپەس ئېلىپ يۈگۈرۈش كىشىگە چەكسىز هۇزۇر ئاتا قىلىدۇ. نەپىسىم بىلەن ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان ئىسسىق هورلار ئالدىمدىن ئۇرۇۋاتقان غۇر-غۇر سوغۇق شامال بىللە تېزلا غايىب بولاتتى. كەنتىمىزدىكى ئېتىزلار ئەمدىلەتىن ياشىرىشقا باشلاپتۇ، ئېهتىمال قىشلىق تېرىلغۇلار بولسا كېرەك؛ ئۈزۈملىرى هەم يوپۇرماقلىرىدىن ئاللىقاچان ئايرىلغان رەت-رەت تاللار قارىماققا يەنىلا مۇستەهكەم كۆرۈنىدۇ؛ بىخارامان سامان يەۋاتقان يېپىنچىلىق ئاتلارنىڭ ماڭا باقار كۆزى يوق؛ ئېغىلدىكى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك تۇرغان كالىلارمۇ قورساق غېمىدە؛ ئەنە، دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان سۆزۈك قوڭۇر رەڭلىك تىيىنچاق ئالدىراپ دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى... بۇ كۆرۈنۈشلەر ماڭا ياد بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما هەر قېتىم كۆرگىنىمدە بىر قېتىم شادلىنىمەن.

يۈگۈرگەن چاغلىرىمدا ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاچ، يەنە خىيال كەپتەرلىرىمنى ئەركىگە قويۇۋېتىمەن. بۈگۈن يۈگۈرۈشنى باشلا-باشلىمايلا، خىيالىم تۈنۈگۈن قىزىم بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، جەنۇۋەگە پويىزدا كېلىۋېتىپ بولغان سۆهبەتلىرىمىزگە كەتتى. بۇ ئىككى سائەتلىك يول بولغاچ، خېلى كۆپ تېمىلاردا پاراڭلاشتۇق.

قىزىم مېنى بىئارام بولمىسۇن دەپ، پويىزنىڭ يۈرۈش يۆنىلىشىدىكى ئورۇننى ماڭا بېرىپ، ئۆزى ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇردى. پەرزەنتلەرنىڭ ئىرناقچىلىك ياخشى تەرەپلىرىمۇ ئاتا-ئانىلارغا بەزىدە تاغدەك خۇشاللىق بېرىدۇ. « ئاپا، سىز بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، بولمىسا بىئارام بولىسىز » دېيىش قارىماققا ئادەتتىكى سۆزدەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزىمنىڭ ماڭا بولغان مېهرىبانلىقىنىڭ بىر نامايەندىسى. بىزدە « كىرپە بالام يۇمشاق، قاغا بالام ئاپپاق» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. ئەلۋەتتە بۇ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، باللىرىنى ئورۇنسىز ماختاپ كۆككە ئۇچۇرىدىغان ئاتا-ئانىلارغا قارىتىلغان. مەن بۇ خىلدىكى ئانىلاردىن كۆپ يىراق، ئەكسىچە، هەتتا مېنى بالا تەربىيەلەشتە قاتتىق، زىيادە تەلەپچان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ۋاهالەنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ، پەرزەنتلىرىمىزنى كىچىكىدىن تارتىپ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئىلغارلىقلىرىنى مەدھىيەلەپ، مۇهەببىتىمىز بىلەن تەربىيەلىگەندىلا، ئاتا-ئانىلىق

مەسئۇلىيىتىمىزنى ياخشى ئورۇنلىغان ھېسابلىنىمىز، پەرزەنتلىرىمىز كەلگۈسىدە دۇرۇس ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان بۇ ئۇيغۇر قىزى، دىلفۇرۇز غېنى، گەجگىسىگىچە قىسقا كېسىۋېتىلگەن تەبىئىي بۇدرە چاچلىرى، يادەك ئەگمە قارا قاشلىرى، نۇرلۇق قوي كۆزلىرى، ئوماق ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى زىناقلىرى، جانلىق ئاۋازلىرى بىلەن شۇ قەدەر گۈزەللىكى، ناۋادا ئۇ مېنىڭ قىزىم بولمىغان بولسىمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتكەن بولاتتىم. تەلىيىمگە، ئۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، بۇ دۇنيادىكى ئارزۇلۇق قىزىم، مېنىڭ سىرداش دوستۇم. ئاتا-ئانىلار ئۆچۈن، بولۇپمۇ ئانىلار ئۈچۈن پەرزەنتلىرى بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىش، بەزىدە ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستلاردەك ئىچ سىرلىرىنى تۆكۈپ مۇڭدىشىش تولىمۇ قىممەتلىك ھەم زۆرۈر. ياشنىڭ زورىيىشى بىلەن، ئادەم پەرزەنتلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى تېخىمۇ ئىستەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. پەرزەنتلىرىمىز ئوقۇش-خىزمەت بىلەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە، داۋاملىق كۆرۈشۈپ، بەھۇزۇر مۇڭدىشىش پۇرسەتلىرى بەك كۆپ بولماي قالىدىكەن. شۇڭا قىزىم بىلەن تازا ئۇبدان پاراڭلىششنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

ئالدىنقى كۈنى يەنى 31 -دېكابىر، قىزىم يېڭى يىلنى بىز بىلەن بىللە كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جەنۇۋەدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، ۋالائىس كانتونىغا قاراشلىق تاغلىق كەنت ۋەركورىندىكى ئۆيىمىزگە كەلگەنىدى. چۈشتىن كېيىن دادىسى بىلەن ئۇن-دىداردا كۆرۈشۈپ، تولىمۇ قىزغىن پاراڭلاشتى. (قىزىمنىڭ دادىسى ئۈرۈمچىدە ياشايدۇ.) ئادەتتە ئۇلار كۆپ پاراڭلاشمايدۇ، بەزىدە ھەتتا بىر-بىرىدىن ئايلاپ خەۋەر ئېلىشالمايدۇ. ھېيت-بايراملاردىلا ئۇن-دىداردا كۆرۈشۈپ، خېلى بىمالال سۆزلىشىدۇ.

پويىزدىكى سۆھبىتىمىز دەل قىزىمنىڭ تۈنۈگۈن دادىسى بىلەن بولغان پاراڭلىرىدىن باشلاندى:

– دادىڭىز بىلەن پۇخادىن چىققۇچە پاراڭلىشىۋېلىپ خوش بولدىڭىز-ھە؟

–ھەئە ئاپا، ئۇزۇن بوپتىكەن، داداممۇ خوش بوپ كەتتى.

– بۇ يىلمۇ بارالمايدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولغاندۇ؟

– ھەئە، لېكىن ئامال قانچە؟

– .....

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇش، خىزمەت ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ ھال-ئەھۋاللىرى بىر-بىرىدىن قېلىشمىسا كېرەك.

سۆھبىتىمىز داۋاملاشماقتا ئىدى. مەن ئۆتكەن بىر يىلدا « كىتاب ئوقۇش مۇنبىرى»مىزدە ئوقۇلغان ئەسەرلەر ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ئىش ئۈچۈن خېلى كۆپ ۋاقتىم كېتىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ قىزىمنىڭ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، مەن يوللاپ بەرگەن سىنلارنى كېسىپ-ئۇلاپ، مۇنبەرگە ۋاقتىدا سۈپەتلىك قويۇپ بېرىۋاتقانلىقىغا رەھمىتىمنى ئېيتتىم ھەم ئۇيغۇرچە كىتابلاردىكى ئەسەرلەرنى تاللاپ ئوقۇيمەن دەپ كۆپ ۋاقتىم كېتىۋاتقاچقا، ئۆتكەن ئىككى يىلدا فرانسۇزچە ياكى ئىنگلىزچە كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيالمىغانلىقىمنى دېدىم. قىزىم دەرھاللا: « ئەمما ئاپا، توختىتىپ قويسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ ! گەرچە ھەر بىر قېتىم ئەسەر يوللىغاندا، دەرھال كۆرىدىغان ئادەملەر كۆپ بولمىغان بىلەن، ئۆزىڭىز دېگەنىدەك، بۇ ئىش بىر مۇھىم ئىش، ھازىر كۆرمىگەن بىلەن، كېيىن كۆرىدۇ، كېيىنكى ئەۋلادلار كۆرىدۇ، بىزنىڭ باللىرىمىز كۆرىدۇ . بۇمۇ بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگىنىنى قىلغىنىمىز. ئەلۋەتتە، ئامېرىكىدىكى ھامىملىرىممۇ ئوقۇپ بەرگەن بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى. سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ ئاۋازى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغان ئاۋازلار ئاپا » دېدى قىزىم.

«كىتاب ئوقۇش مۇنبىرى»مىز ھەققىدە سۆز قىستۇرۇپ ئۆتەي:

2018 - يىلى دېكابىردا ئامېرىكىدىكى بىر تۇققان قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىغا قىزىم بىلەن بىللە باردۇق. شۇ قېتىم بۇ مۇنبەرنى قۇرۇش مەسلىھەتى بولدى. 2019 - يىلى يانۋاردا سىڭلىم مېھراي ئوغلىنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن بەتنى لايىھەلەپ، « كىتاب ئوقۇش مۇنبىرى، ئەۋلادلار تور بېتى» دەپ ئىسىم قويۇپ، يۇئۇتۇبقا تىزىملىتىپ پۈتتۈردى. سىڭلىم ئۈرۈمچىدىكى چېغىدا ئوقۇتقۇچى ئىدى. شۇڭا تۇنجى قېتىملىق ئوقۇلىدىغان ئەسەرگە مەن سىڭلىمغا سوغا قىلغان كىتاب « ئالتۇن كەش»نى تاللىدۇق ھەم سىڭلىم ئوقۇدى. بۇ تۇنجى قېتىملىق كىتاب ئوقۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى، شۇنداقلا ئۈزۈلۈپ قويماي داۋاملىق ئەسەر ئوقۇش زۆرۈر بولدى. مۇنبەرنى قۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز ئېنىقكى، ۋەتەندىكى داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى جۈملىدىن رومان، ماقالە ۋە شېئىر قاتارلىق ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلارغا ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق، مۇھاجىرەتتە بۇ ئەسەرلەردىن خەۋەرسىز بولغان قېرىنداشلارغا بۇ ئىجادىيەتلەرنى تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ نادىر ئەسەرلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېتىشى ئۈچۈن زەررىچىلىك بولسىمۇ تۆھپىمىزنى قوشۇشتۇر. مانا مۇنبىرىمىز قۇرۇلۇپ، 4 - يىلىغا قەدەم ئالدۇق. ئىشىنىمەنكى، مۇنبىرىمىزدە ئوقۇلغان ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر ئاڭلىغۇسى، ئانا تىلىمىزنىڭ گۈزەللىكىدىن پەخىرلەنگۈسى، شۇ نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىدىن سۆيۈنگۈسى!. قىزىمنىڭ بىۋاستە ياردىمى، قېرىنداشلارنىڭ ئىلھام-مەدەتلىرى، شەك-شۈبھىسىزكى، كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئىرادەمنى تېخىمۇ چىڭىتقۇسى!

ئەمدى گېپىمىز ئۆتكەن يىللىق پىلانلىرىمىزنىڭ ئورۇنلانغان، ئورۇنلانمىغانلىقى ھەم 2022 - يىلدا قانداق پىلانلىرىمىز بارلىقى ھەققىدە باشلاندى.

— ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا بەزى پىلانلىرىڭىز بارلىقىنى دېگەنلىكىڭىز ئېسىمدە.

— ھەئە، قىسقا بىر پىلان تۈزگەن، ئەمما پەقەت 60 - 70 پىرسەنتىنىلا تولۇق ئورۇندىيالاپتىمەن.

— مەسىلەن؟

— 20 كىلومېتىرلىق يېرىم مارافون يۈگۈرۈشنى پىلانلىغان، قىلالمىدىم، ئەمما يازدىكى 10كم لىق گىئانت گەنەۋا (گىگانت جەنۋە) ۋە 12 - ئايدىكى جەنۋە ئەسكالادە يۈگۈرۈشلىرىگە سىز بىلەن بىللە قاتناشتىم؛ قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك كەسپىي كىتابلاردىن سىرت، 12 پارچە كىتاب ئوقۇش پىلانىم باردى، 13 پارچە ئوقۇپتىمەن؛ «تاشلىۋېتىلگەن ئىگىسىز ھايۋانلارنى بېقىش» ئورنىغا ئايدا ئاز دېگەندە بىر-ئىككى قېتىم بېرىپ، ئىتلارنى ئايلاندۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى خالىسانە قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇم؛ «بودي پوسىتىۋە» يەنى «ئۆز بەدىنىنى قوبۇل قىلىش» جەھەتتە ئاكتىپ تونۇشقا كەلدىم. ساغلام بەدەن بولۇشنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، ھەممە ئادەمنىڭ چوكىدەك ئورۇق بولۇشى ناتايىن، ئادەملەرنىڭ مورفولوگىيەسى پەرقلىق بولىدۇ. ئۆز بەدىنىنى قوبۇل قىلىش ئۆزىنى سۆيگەنلىك، قەدىرلىگەنلىكتۇر. بىزدە پەقەت ھومايلار، چوڭ ئاپاشلار سېمىز بولسا كارى بولماي، سىزگە ئوخشاش ئاپاشلار، بولۇپمۇ ياش قىزلار سەل سېمىزرەك بولسا، ئادەملەر سۆزلەپ بولالماي قالىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنداق بەدەنلەرنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى «ۋاي نېمانداق سەمرىپ كەتتىڭىز» دەپ ھېچ تۈزۈت قىلمايلا سۆزلەيدۇ، خۇددى قارشى تەرەپنىڭ بەدىنىدە ئۆزىنىڭ ھەققى باردەك. ئىلگىرى، مەنمۇ شۇنداقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھازىر، ياق، مېنىڭ بەدىنىم مۇشۇنداق، مۇسكۇللىرىم بەكرەك تەرەققىي قىلغان، بەدىنىم كۈچلۈكرەك دەپلا قارايمەن. ئەلۋەتتە، مەن سېمىز ئەمەس، يېمەك-ئىچمەكلىرىمگە دىققەت قىلىمەن، قەرەللىك چېنىقىمەن، ھەتتا سىز قىلىشىمنى ياقتۇرمايدىغان ئېغىرلىق كۆتۈرۈشنى قىلىمەن. شۇڭا تېنىم ساغلام، مۇسكۇللىرىم تەرەققىي قىلغان. ئاندىن، كەسپىي جەھەتتىكى پىلانلىرىمدىن، ئىزدىنىش، تەييارلىق باسقۇچلىرىدا ئىلگىرىلەش بوپتۇ، تېخى مەنزىلگە يېتەلمەپتىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ يىل تېخىمۇ تىرىشىمەن.

— ئۇنداقتا بۇ يىللىق پىلانىڭىز نېمە بولدى؟

قىزىم كۈلۈمسىرەپ داۋاملاشتۇردى:

—بۇ يىللىق پىلانىمدا قەرەللىك بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىگە 1 - 2 قېتىم قاتنىشىش؛ گۆش يېيىشنى ئازايتىش، سىزگە ئوخشاش ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم گۆش يەپ، باشقا چاغدا گۆشسىز ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن تاماق ئېتىش. نەتفلىخ (ھەقلىق تېلېۋىزىيە كانىلى)دە بىر پىروگرامما باركەن. ئۇنىڭدا گۆشسىز تاماقلىنىشنىڭ سالامەتلىك ئۈچۈن نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپتۇ، بەكمۇ قايىل قىلارلىق. ئاندىن يەنە، مۇزىكا ئىشلەش، پىيانىنو چېلىش، تەمبۇر چېلىش مەشىقلىرىنى 20-30‘ بولسىمۇ، كۈندىلىك ئادەتكە ئايلاندۇرۇش. باشقىلارغا ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولۇش؛ ھەپتە ئارىلىقىدا ۋاقتىدا ئۇخلاپ، ۋاقتىدا تۇرۇش، ئەمما ھەپتە ئاخىرى قانغۇچە ئۇخلاپ، ئارام ئېلىش؛ بۇ يىللىق رامىزاننى قانچە تولۇق تۇتالىسام شۇنچە ياخشى؛ كەسپىي جەھەتتە، ئىقتىساد ۋە ئىنتېرنەت ھەققىدىكى قانۇنلارنى كۆرۈش، ئۆگىنىش، ۋە شۇ ئارقىلىق باشقا خىزمەت پۇرسەتلىرىنى ئىزدەپ كۆرۈش.

گەپ قىزىمنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئىشلىرىغا يۆتكەلگەندە، پارىڭىمىز ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ياۋروپادا كىشىلەر « ناچار ھەمراھ بولغاندىن، يالغۇزلۇق ئەۋزەل» دەپ قارايدۇ. قىزىم ئۈچۈن بولسا، « خىزمەتكە چىققىنىمغا ئۇزۇن بولمىدى، ھەتتا ھازىرقى ئىشىمنى داۋاملىق ئىشلەش ياكى ئىشلىمەسلىك توغرىسىدا ئارىسالدى بولۇپ يۈرۈپتىمەن. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەتتە تەپتىش بولۇپ ئىشلەش بىر ئادەم ئۈچۈن خاتىرجەملىك، كاپالەتلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئەمما يەنە ئون يىلدىن كېيىن كەينىڭىزگە قارىسىڭىز، ھېچقانچە ئىلگىرىلىمىگەنلىكىڭىزنى كۆرىسىز. « كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن گەپ بارغۇ. شۇڭا باشقا بىر ئىش قىلالايمىكىن دەپمۇ ئويلاۋاتىمەن. مەن ھازىرچە تېخى ئۆزۈمنى تولۇق قۇرۇپ بولالمىدىم ئاپا، بۇنداق ئەھۋالدا ئۆي قۇرسام، تازا چىرايلىق ھەم مۇستەھكەم ئۆي قۇرۇلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرماڭ. ھەممە ئىشلار ئۆز يولىدا بولىدۇ».

قىزىم جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىدىكى ئوقۇشلىرىنى تاماملاپ، جەنۋە ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئەدلىيە باشقارمىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن 2 - 3 يىلدىن بېرى ھەقىقەتەنمۇ بەك ئالدىراش ئىشلەپ كېتىۋاتىدۇ. قىزىمنىڭ كەسپىي جەھەتتە تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش ئىرادىسىدىن مەمنۇن بولغان بولساممۇ، لېكىن بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن قىزىمنىڭ بالدۇرراق ئائىلە قۇرۇپ ياشىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. خەير، پېشانىسىگە پۈتۈلگەندىن كىممۇ قېچىپ قۇتۇلغان-ھە؟!

— مەن توغرىلىقلا سۆزلىشىپ كەتتۇق ئاپا، ئەمدى قۇلىقىم سىزدە.

— ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا بىر نەچچە پىلانىم بولغان، لېكىن ھازىر قارىسام، راست، كۆپ ئىش قىلالماپتىمەن. مۇنبەردە كىتاب ئوقۇغاندىن باشقا، فىرانسۇزچە كىتابتىن ئاران 4 كىتاب ئوقۇپتىمەن، 2 - 3 پارچە ماقالە يېزىش پىلانىم بار ئىدى، پەقەت تەييارلىق باسقۇچىدىن

ئۆتەلمەيتىمەن، ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن بەدەن چېنىقتۇرۇشنى، يەنى يول يۈرۈش، يۈگۈرۈش، قىشلىق سۇ ئۈزۈشلەرنى ئاكتىپلىق ھەم خۇشاللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. ئەمما، راست، ئۆزۈمدىن كۈتكەنلىرىمنى تولۇق ئورۇندىيالمىدىم. باشقا ئىشلارنىمۇ قىلغۇم بار، ئەمما ھازىرچە تېخى قارار قىلمىدىم.

— نېمە توغرىسىدا ماقالە يازاي دېگەنتىڭىز؟

— بىرى، شۋېتسارىيە ئاياللار ھوقۇقى توغرىسىدا ئىدى. 2021 - يىلى شىۋېيتسارىيە ئاياللىرى ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنگە دەل 50 يىل بولدى. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، شۋېتسارىيەدەك مۇشۇنداق بىر تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە، ئاياللار بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى تېخى ئاۋاز بېرىش، سايلاش ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا، خۇددى ئاتالمىش 2 - دەرىجىلىك گىراژدانلاردەك ياشىغانىكەن. يەنە بىرى، ئەللىك ئائىلىلارت، 30 -يىللاردا ۋەتىنىمىزگە بارغان جەنۇبلىك مۇخبىر، تەۋەككۈلچى، ساياھەتچى ئايال. بۇ خانىمنى يېزىشتىكى مەقسىتىم، مۇھىمى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ۋەتىنىمىزدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى تونۇشتۇرۇش.

— ئاپا، بۇ ئىككى پارچە ماقالىنى چوقۇم تېزرەك يېزىپ پۈتتۈرۈڭ ئەمىسە.

— تىرىشاي.

— ئاپا، مۇشۇكتىن بۇرۇنقىدەك قورقۇپ كەتمەيدىغان بولدىڭىز، بۇمۇ ھاياتىڭىزدىكى بىر چوڭ ئىلگىرىلەش. 50 يىللىق كېسىلىڭىزنى ساقايتتىڭىز-ھە؟! سىزدىن بەك پەخىرلىنىمەن.

— ئۇنى بىر دېمەك. 3 يىل ئىلگىرى، ئايگۈل ئاپىڭىزنىڭ مارمارىستىنكى ئۆيىدە مۈشۈكى لېئونى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە، قورقىنىمدىن قانداق بوپ كەتكەنتىم ھە؟! تووۋا دەيمەن!

ئۆرۈمچىدە چوڭ بولغانلار ئىت-مۈشۈك بىلەن ئۇچراشماي دېگۈدەك چوڭ بولغاچقا، ئىت-مۈشۈكلەردىن بەك قورقىمىز، بولۇپمۇ 70 - يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە تۇغۇلغانلىرىمىز شۇنداق. بۇ ئۇ ھايۋانلارنى ئۆچ كۆرگەنلىكىمىز ئەمەس، بەلكى قورققانلىقىمىز. ھەقىقەتەن، 50 يىللىق مۈشۈكتىن قورقۇش كېسىلىمدىن پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقىنىمدىن خۇرسەنمەن. ئۆتكەن يىلى يازدا گرېتسىيەدە ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىن قورقۇمسىراپ ئۆتىدىغان بىر ئاسلاننى بېقىۋالغىنىمچۇ تېخى، ھەتتا ئۇنىڭغا «گۈلى» دەپ ئىسىممۇ قويۇپ قويدۇم. ھەر قېتىم بېرىپ «گۈلى، گۈلى» دەپ چاقىرىپ قويسام، نەچچە ئاي كۆرۈشمىگىنىمىزگە قارىماي، بىر يەرلەردىن پەيدا بولىدۇ. تووۋا دەيمەن، ھايۋانلار بەك ئەقىللىق - ھە؟!

سىز ھايۋانلارنى ياخشى كۆرىسىز. شۇ تاپتا بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. شۋېتسارىيەگە يېڭى كەلگەن يىلىڭىز، يەنى 12 ياشلىرىڭىزدا، بىر كۈنى كونا شەھەردىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر سۈرەتكە قاراپ توختاپ قالدىڭىز. ئۇ سۈرەت بىر ئوماق ئېيىقچاق بىلەن قىپقىزىل ئەتلىرى كۆرۈنۈپ قالغان تېرىسىز ئېيىق ئانىنىڭ بىللە تۇرغان رەسىمى بولۇپ، «مېنىڭ ئانام پەلتوسىنى يۆتتۈرۈپ قويدى، سىزنىڭ ئانىڭىزچۇ؟ » دېگەن خەتلەر خۇددى بالا ئېيىق دەۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. سىز ماڭا دەرھال: « ئاپا، سىز نوركا پەلتو كىيمەڭ جۇمۇ! » دېگىنىڭىزنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمايمەن ھەم نوركا پەلتو ئېلىپ كىيىش خىيالىمغىمۇ كەلمەيدۇ. كېيىن چوڭ ئاپىڭىز نوركا پەلتو كىيىپ چۈشكەن رەسىمنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ سۆزلەپ كەتكىنىڭىزمۇ يادىمدا.

— ھەرقانداق جانلىقنىڭ ياشاش ھوقۇقى بار. ھايۋانلارنى ئاسراش، قوغداش ئىمكانىيىتىمىز بار تۇرۇغلۇق، تېگىشلىك ئىش قىلمىساق بولمايدۇ-دە.

ئەركىن دۇنيادا تەربىيەلەنگەن پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى شەخسىيلىكتىن ھالقىغان، ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ جەمئىيەتكە، دۇنياغا يۈزلەنگەن بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ۋەتەندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، بۇ جەھەتلەردە تونۇشىمىز ئانچە يېتەرلىك بولمىغان ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىدىن ئۆلگە ئېلىشىمىز زۆرۈركەن.

ئارىدا گېپىمىز ئۈزۈلۈپ، ھەر ئىككىمىز يانفونلىرىمىزغا قاراپ بىر دەم جىمىپ قالدۇق. ئەمما ھايال ئۆتمەيلا قىزىم سۆز باشلىدى:

— ھە راست، بۇ يىل بىر داڭلىق شائىرە تېپىۋالدىم، رۇپى كائۇر، ھىندىستاندا تۇغۇلغان كانادالىق يازغۇچىكەن. شېئىرلىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان، چوڭقۇر مەنىلىك، چاچما شېئىر شەكلىگە يېقىن شېئىرلار، مۇھەببەت، زوراۋانلىق، خارلىنىش، فەمىنىزىم دېگەنگە ئوخشاش ئاكتۇئال تېمىلار ئىكەن، پەش-چېكىتسىز، كىچىك ھەرپلەر بىلەن يازىدىكەن. دەسلەپ، ئاساسەن ئىنستاگرامدا ئېلان قىلىپ تونۇلغانىكەن. ماۋۇ شېئىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ-ھە:

he was supposed to be

the first male love of your life

you still search for him

everywhere

-father

(ئۇ ھاياتىڭىزدىكى تۇنجى ئەركەك سۆيگىنىڭىز
بولۇشى كېرەك ئىدى.
سىز ئۇنى يەنىلا ئىزدەپ يۈرىسىز
ھەممە يەردىن
-ئاتا )

we are all born

so beautiful

the greatest tragedy is
being convinced we are not

( ھەممىمىز شۇنداق چىرايلىق تۇغۇلغان
ئەڭ چوڭ تراگېدىيە شۇكى
ئۇنداق ئەمەس دەپ قايىلمىز)

you do not just wake up and become the butterfly
growth is a process

( سىز ئويغىنىپلا كېپىنەككە
ئايلىنالمايسىز
ئۆسۈپ يېتىلىش بىر جەريان)
(www.rupikaur.com)

گېپىمىز شۇ يەرگە كەلگەندە، پويىز جەنۇۋگىمۇ كېلىپ قالدى. پويىزدىن چۈشكەندىن كېيىن، قىزىم مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىدىغان ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆز ئۆيىگە راۋان بولدى. شۇنداق ياخشى پاراڭلاشقىنىمىزدىن مەمنۇن بولغانلىقىمنى ئېيتىپ، قىزىمنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ خوشلاشتىم. ئاپتوبۇستا ئۆيگە كېلىۋېتىپ، قىزىمنىڭ ئاخىرىدا دېگەن سۆزلىرى يادىمدىن كەچتى: « مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۆي ئىجارىسى، ئىستراخوۋانىيە دېگەندەك بارلىق چىقىملىرىمنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ياشاش پىلانىمدا ئۇقۇۇغۇچىلىق ۋاقتىمدىكىدىن پەرقلىق نىشان بولۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئوقۇۋاتقاندا ئاساسەن دەرسلەر، ئىمتىھانلار ئاساسلىق نىشان بولسا، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ياشنىڭ چوڭىيىشى بىلەن، يېڭى، يېڭى نىشانلار بولۇشى كېرەككەن. شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىر ئادەمنىڭ نىشانى بەلگىلەنسىلا، ھايات ئۇنى ھەر خىل يوللار بىلەن شۇ نىشانغا يەتكۈزىدىكەن، نىشانسىز ئادەمنىڭ ھاياتى خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك، ئورمانلاردىكى تۇمانلاردەكلا مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىدىكەن. » بىر چاغلاردا قىزىمغا ھاياتتا چوقۇم بىر نىشان بولۇشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا، كۈنلىرىمىزنىڭ ئەھمىيەتسىز ئۆتىدىغانلىقىنى تەكرار-تەكرار سۆزلەيتتىم. قىزىمنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمدى قىزىمغا بۇ ھەقتە قايتا سۆز ئېچىشىمنىڭ پەقەت ئورنى قالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە، ئۆزۈمگە شۇ تەلەپنى قويۇشۇمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم.

خىياللىرىم بىلەن كۆپرەك مۇڭداشقىنىم ئۈچۈنمۇ، بۈگۈنكى يۈگۈرۈشىم تېز تاماملانغاندەك تۇيۇلدى، 10كم يۈگۈرۈپ توختىغاندا بەكمۇ راھەتلەندىم.

...

پۈتۈن بىر كۈنۈم ئەتىگەندە تۈزگەن پىلانلىرىم بويىچە بولدى. كەچتە كومپيۇتېرىمنى ئېچىپ، بۈگۈنۈمنى خاتىرىلىدىم، دەل يېرىم كېچە بولغاندا يېزىپ تۈگىتىپتىمەن. «بۈندىن كېيىن كۈندىلىك خاتىرەمنى داۋاملىق يېزىپ تۇرسام بولغۇدەك. بولمىسا مۇشۇنداق يىغىلىپ كېتىدىكەن» دەپ ئويلىغاچ، كومپيۇتېرىمنى ئۆچۈردۈم .

كارىۋىتىمغا چىقىپ، يوتقىنىمغا پۈركىنىپ، ئۆز ئۆزۈمنى باغاشلىغانچە، ئۇيقۇ دۇنياسىغا يول ئالدىم. خەيرلىك كېچە...

*ھەممە يەردە يول بار، دېڭىزدا، زېمىندا، كۆكتە، قەلبتە، رىشتىدە، پەقەت ساپ كۆڭۈللەرلا ياخشى يولغا مۇيەسسەر بولالايدۇ.*

«يوللار»، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتىمىن.

2022 - يىلى 2 - يانۋار، جەنۋە

ئالدىراقسان، يەڭگىل كىشىنىڭ خۇي- پەيلى غەزەپلىك كېلىدۇ،
بۇ ئادەت بىلىمسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ئابدۇقادىر جالالىدىن :ئۆزۈم ھەر جايدىمەن ، كۆڭلۈم سەندىدۇر

(ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلىگەن نۇتۇق)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قەدىرلىك ساۋاقداشلار!

بۈگۈن مېنى چەت ئەلدىكى ئىلمىي زىيارىتىم ئاساسىدا ئىگە بولغان تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپسىلەر. بۇنىڭدىن دۇنيانى بىلىشكە تەشنا يۈرىكىڭلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. توغرا، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى چۈشىنىش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز ۋە ھەققىمىزدۇر. ئۇچۇر ۋە بىلىمنى يۈكسىلىشنىڭ ئاساسلىق سەرمايىسى قىلىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، دۇنيانى چۈشىنىش ئەقەللىي بىر ئىش بولۇپلا قالماي، بىز دۇنيانى قانچىكى چۈشەنسەك، ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزمۇ توغرىلىققا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. مەن سىلەرنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان جۇشقۇن تەبىئىيىتىڭلارنى قەدىرلەيمەن. بۇ جەھەتتىكى ئىشتىياقىڭلارنى قاندۇرۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۆزۈڭلار توغرىسىدا ئازراق ئويلىنىپ كۆرۈشكە تۈرتكە بولالىسام، ھەممىمىزنىڭ ھازىرقى ۋاقتى بىكارغا كەتمىگەن بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

بەزىلەر مېنىڭدىن بۇ قېتىمقى چەت ئەل سەپىرىڭدىن زادى نېمىگە ئېرىشتىڭ، دەپ سوراشتى. مەن «ۋەتەندىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدىكەن، دېگەن ھەقىقەتنى ھېس قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلار بۇ جاۋابىمنى ناھايىتى ئاددىي ھېس قىلىشتى. شۇنداق، قارىماققا بۇ گەپ شۇنچە ئاددىي، لېكىن بۇ گەپنىڭ تېگىدىكى ھەقىقەتنى ھەربىر ئەۋلاد ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن، ھىجراندىكى ئازابلىرى بىلەن، كۆز ياشلىرى بىلەن ئىزھارلاپ بولغىلى بولمايدىغان ماددىي-مەنىۋى بەدەللىرى بىلەنلا چۈشىنەلەيدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ خاتىرجەم ياشاۋاتقان بىر بالىنىڭ ۋەتەن تۇيغۇسى بىلەن ئۇرۇشنىڭ زەربىسىدىن ئۆيى ۋەيران بولغان مىيىپ پەلەستىنلىك بالىنىڭ ۋەتەن تۇيغۇسىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟!

بەزى ھەقىقەتلەر ئېيتىلىشىدىنلا ناھايىتى ئاددىي ھەم ئاممىباب بولغاچقا، ئۇنىڭ توغرىلىقىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، ئۇنى تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە ئېلىۋالىدۇ، ئالاھىدە بىر ئىش تەسىر قىلمىغۇچە ئىنسان ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ھەقىقەت توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمايدۇ، ئۇ ئويلىنىپبېقىشقا مەجبۇر بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىنى يېڭىۋاشتىن چۈشىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. سىز ئۆز ۋەتىنىڭىزدە تۇرۇۋاتقاندا ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلمايسىز ياكى يۈزەكى ھېس قىلىسىز، ئاشۇ ئەزىز ۋەتەندىن مەلۇم مەزگىل ئايرىلغاندا، «ۋەتەن» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنىڭ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى بايقايسىز.

مەن لوندوندا باشقىلارغا يالىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئافغانىستانلىق بىر بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ يەردىكى رەھىمسىز ئۇرۇش ئوتى ئۇنى سەرگەردانلىق كوچىسىغا پالاپتۇ، ئۇ ئىككى ئاكىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ھازىرغىچە ئالالماپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋەھىمە ئىچىدە ھېس قىلىپ، يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندا ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. «مەن ئۆزۈمنىڭ ۋەتىنىدە نېمىشقا تۇرالمايمەن؟» دەيتتى ئۇ. مەن يەنە سومالىلىق بىر بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، مەن ئۇنىڭدىن: «لوندوننى ياخشى كۆردىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدىم. «ۋەتىنىمدىكى ئۇرۇش ۋە قەھەتچىلىك مېنى سەرسانلىق بالاسىغا سالدى، مەن لوندوندا تۇرۇپ سومالىنى چۈشەيمەن» دېدى ئۇ ماڭا.

ۋەتەن سېغىنچى مېنى راسا ئۆرتەپ تۇرۇۋاتقاندا، بىرەر كۆچمەننى كۆرسەم پۇرسەت بولسىلا ۋەتەن توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالاتتىم، ئۇلارنىڭ ۋەتەن توغرىسىدىكى ھەسرەتلىك بايانلىرى مېنىڭ يارامغا تۇز بولۇپ سېپىلەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۈگۈنكى كۈندە مۇساپىرەتتىكى چاغلىرىڭىزدا دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدىن دەردلەشكۈدەك بىر قانچە ۋەتەنداشنى تاپالايسىز، ئۇلار بىلەن بولغان پاراڭ ئارقىلىق سىزنى قىيناۋاتقان سېغىنىش ئوتىنى باسالايسىز. مۇشۇنداق چاغدا شۇنداق تەسىراتقا كېلىسىزكى، قېرىندىشىڭىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھەربىر گەپ، ھەربىر شېۋە، ئۇنىڭ مىجەزى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئۆزىمۇ سىز سېغىنىۋاتقان سۆيۈملۈك ۋەتەننىڭ نەق بىر پارچىسى ئىدى. سىزمۇ بىلىسىز، ۋەتەن دېگىنىمىز قانداقتۇر بىرپارچە يەرنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ يەنە ئاشۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلق، خەلقنىڭ مىجەزى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە بىر پۈتۈن تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق بىر ئەلدە ئويلىمىغان يەردىن بىر قېرىندىشىڭىزنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، سىزدە بىردىنلا ئىللىق دىلكەشلىك سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز ئانا تىلىڭىزنى ئاڭلىسىڭىزلا زور تەسەللىگە ئېرىشىپ قالىسىز. شۇڭا، بەزىدە يات مۇھىتتىكى تونۇش بىر چىراي، ئاددىي بىر سالام، ھەتتا بىرەر تاۋۇشنىڭ ئۆزىلا ۋەتەن بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

* ماقالە شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى

ئىستانبۇلنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىدا بىز ئۈچ يۇرتداش يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرىمىز بىلەن كېتىۋاتاتتۇق، «مېنىڭچە، كەينىمىزدىكى ئاۋۇ قىز چوقۇم ئۇيغۇر» دېدى ھەمراھىمىزنىڭ بىرى. بىز ئىختىيارسىزلا كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، شۇنداق سەت چاندۇردۇق. «نېمىگە ئاساسەن ئۇنداق دەيسەن؟ دەپ سورىدىم مەن ». ئۇ قىز چاقچىقىمىزدىن كۈلگەندەك قىلدى دېدى ھەمراھىم. مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ شۇ قىزنىڭ ئۆزىدىنلا سورىماقچى بولدۇم. بىز قىز بىزگە يېتىشكۈچە ساقلاپ تۇردۇق. قىز يېقىنلاپ كەلگەندە، «سىز ئۇيغۇرمۇ؟» دەپ سورىدىم. قىز كۈلۈپ كەتتى ۋە «شۇنداق»دەپ جاۋاب بەردى. بىز شۇ ھامانلا پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئۇ بىزنىڭ چاقچىقىمىزنى ئاڭلاپ قالغانىكەن. دېمەك، بىز قىلىشقان گەپنىڭ بىر بۆلىكىلا رەستىدىكى يات ئادەملەرنى قېرىنداشلىق رىشتى بىلەن ئورىۋەتكەنىدى. قىز ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بوپتۇ، شۇ تاپتا چېنىقىش كۇلۇبىغا قاراپ ماڭغانىكەن. بىز ئارىمىزدىكى بۇنداق تارتىنىش كۈچىنى قەشقەر ياكى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بولساق ھېس قىلالمىغان بولاتتۇق، بەلكىم بۇ كەيپىياتنى گۇمانسىراش ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەن بولاتتۇق. ئەسلىدە بىز بىر-بىرىمىز ئۈچۈن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇھىم ئىكەنمىز. بىزدە «يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار، قېرىنداشلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا بىر-بىرىنى كۆزىگە سىغدۇرالماسلىقى نادانلىقنىڭ ئالامىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەن لوندوندىكى ۋەتەنداشلارنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، مەن چاقچاق قىلىپ: «سىلەر مايكول جېكسون، مادوننا، سېلىن دىئانلارنىڭ ناخشىسىنى ئانچە ئاڭلاپ كەتمەمسىلەر - نېمە؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار: «ئۆزىمىزنىڭ ناخشىلىرى بەكرەك ياقىدىغان بولۇپ قالدى، سەۋەبىنى ئۆزىمىزمۇ ئۇقمايمىز» دېيىشتى. ھولليۋودنىڭ كىنولىرىنىمۇ ياقتۇرۇپ كۆرىمىز، لېكىن ۋەتەندە ئىشلىگەن تۇرمۇش فىلىملىرىنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق، بۇ فىلىملەرنىڭ سەۋىيەسى تۆۋەن، لېكىن ئۆزىگە تارتىدۇ دېدى بىرەيلەن. مەن ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىتوتلىرىدىكى قەشقەر شېۋىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا تەكرار كۆرىمەن دېدى يەنە بىرەيلەن.

مەن بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئاددىي ناخشا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تىلغا ئالماقچى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان كۈچ پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولۇپ، مۇكەممەل ھەم ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنە شۇنداق ئاددىي ئېلېمېنتلار ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. نەچچە يۈز توننا كېلىدىغان كىتمۇ ئاددىي ھۈجەيرىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟!

ئارىدا بىر ۋەتەندىشىم مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قالدى، تاماقتىن كېيىن تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق. گەپ ۋەتەن تېمىسىغا كەلگەندە ئۇ جىمىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ سۈكۈتلۈك دەقىقىلىرىگە ھۆرمەت قىلدىم.

ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي بىر شېشىنى كۆتۈرۈپ كىردى. «بۇنى پۇراپ بېقىڭ» دېدى ئۇ شېشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ. مەن ئېھتىيات بىلەن پۇرىدىم، ئاچچىق توپا ھىدى دىمىغىمنى يېنىك قىچىشتۇردى. مەلۇمكى، شېشىگە قاچىلانغىنى توپا ئىكەن. «بۇ مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ توپىسى. كۈن نۇرىدا تاۋلانغان توپا، سەككىز يىل بولدى ساقلىغىلى» دېدى ساھىبخانا چۈشەندۈرۈپ.

شىشىدىكى توپا مېنى ئويغا سالدى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «توزان قەسىدىسى»دېگەن شېئىرى يادىمدىن كەچتى. چەت ئەلگە چىققان بىرەيلەن بىر مۇھاجىر قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ، مېھمان ئۇچىسىدىكى كىيىمنى قاقماقچى بولغاندا، مۇھاجىر ساھىبخانىغا؛«قېرىندىشىم، ئۇ چاڭدىكى توپىنى قاقمىغىن، ئۇ مەن ئۈچۈن تەۋەررۈك تۇتىيا» دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ھېسسىياتنى مۇساپىرچىلىقنىڭ مۇزدەك كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەملا چۈشىنەلەيدۇ.

مەن شۇنى چۈشەندىمكى، چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلار «ۋەتىنىم بارغۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرىكىنى پۈتۈن قىلىدىكەن، دەل مۇشۇ ئۈمىدنىڭ قۇدرىتى بىلەن نەچچە ئون يىللىق قارا ھىجرانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن.

بەلكىم سىلەر «ۋەتەن» دېگەن زادى نېمىدۇ، دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. ۋەتەن ئابستراكت مەنىدىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ سىز چوڭ بولغان ئۆي، مەھەللىڭىزدىكى كاداڭ قاپاق تېرەك، سىز كېچىپ ئۆتكەن كېچىك، ياۋا گىياھلار قاپلاپ كەتكەن خارابە، سارغىيىپ كەتكەن قولىيازما، سىزگە ئىسرىق سېلىپ ئوت كۆچۈرۈپ قويغان مويسىپىت موماي، سىزگە ئىسىم قويۇپ بەرگەن ئاخۇنۇم، قوي-كالىلار توپ تۇزۇتۇپ كېتىۋاتقان يېزا يولى، دېھقاننىڭ تېرىق زاغرىسىدەك يېرىلىپ كەتكەن تاپىنى، بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ سىيماسى ۋە ئۇلار ياراتقان ئەقىل-پاراسەت... ....ۋەھاكازالار. سىز يىراق بىر يەرگە كېتىپ ۋەتىنىڭىزنى سېغىنغاندا، ئالدى بىلەن ئانىڭىزنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ بەرگەن چۆچۈرىسى ياكى ئۆزىڭىز كۆپ ماڭغان قەدىم كوچىلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق بولۇشى تامامەن يوللۇق. چۈنكى، ۋەتەن كونكرېت ئۇقۇم، مۇھەببەتمۇ كونكرېت ھېسسىيات، سىزنىڭ ئۆز خەلقىڭىزگە ۋە ۋەتىنىڭىزگە بولغان مۇھەببىتىڭىز ئۆزىڭىز باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن كونكرېت ئىشلار، سىز ئۇچراتقان نۇرغۇن كونكرېت ئادەملەرنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، سىز ياقا يۇرتتا كۆرگەن بىر پارچە سۈرەت، ھەتتا قامۇسلاردىن ئورۇن ئالغان يۇرتىڭىزنىڭ بىرەر خىل قۇشىمۇ يۈرىكىڭىزنى لەرزىگە سالىدۇ، سىز يات بىر ماكاندا يۇرتىڭىزغا دائىر كىچىككىنە ئۇچۇرنى كۆرسىڭىز پەخىرلىنىپ كېتىسىز. ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدا تۇۋۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پوباجىن دېگەن يېرىدىن 8 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن مويۇنچۇر قاغان تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ئۇيغۇر

قەلئەسى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، ۋەتەن ھەققىدىكى ئۇقۇمۇمدا كېڭىيىش بولغانىدى. تارىخ ئىلىمىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىدە نەقەدەر مۇھىملىقىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخىي پاكىتلار بىلىش ئۇپۇقىمىزنىڭ سىرتىدا قالغاندا، ئېچىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچى بولالماي قالىدۇ.

ۋەتەنىنىڭ پاسىلى سىزنىڭ ئەقىل قۇۋۋىتىڭىز، غەيرەت-شىجائىتىڭىزنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كېڭىيىدۇ. نەزەر دائىرىسى تار، شەخسىيەتچى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىكى ۋەتەن تولىمۇ كىچىك بولىدۇ، نادانلىق ۋە نومۇسسىزلىق ئىسكەنجىسىدە قالغانلارنىڭ تاماق قاچىسى قەيەردە بولسا، شۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ قارايدۇ، ئۇلار ۋەتەننى تاماق قاچىسى ئارقىلىق چۈشىنىدۇ، ئۆز نەپسىگە بولغان تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلالمىغان ئىنسان ۋەتەننى سۆيۈش لاياقىتىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ، بىر جەمئىيەتتە بۇنداق قورساق بەندىلىرى كۆپىيىپ كەتسە، خەلقنى ئاپەت باسقىنى شۇ.

ساۋاقداشلار، مەن سىلەرگە ۋەتەن توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن گېپىمنى ۋەتەن ھەققىدىكى تەسىراتىمدىن باشلىدىم. بىر ئادەم سۆيۈملۈك ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ بىر مەزگىل چەت ئەلدە يۈرۈپ، ئۆز ۋەتىنى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانسا، ئۇنىڭ سەپىرىنى تولۇق غەلىبىلىك بولدى دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ۋەتەن توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىشىمنىڭ سىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا زۆرۈرىيىتى باردۇ؟

سىلەر ئالاھىدە بىر دەۋردە ياشاۋاتىسىلەر، ھازىر ئۇچۇر ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش ئاجايىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئىقتىساد ۋە مائارىپ يەرشارىلىشىۋاتىدۇ، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچىيىۋاتىدۇ، چوڭ مىللەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ تەسىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىللە «مەدەنىيەتلەر دىيالوگى »، «مەدەنىيەتلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى» دېگەندەك شوئارلارمۇ بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، كىشىلەر خىرىس بىلەن ئۈمىد بىللە مەۋجۇدە دەپ تەسۋىرلىگەن ۋەزىيەت دەل بىزنى ئوراپ تۇرماقتا. سىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭ، شاڭخەيلەردە ئوقۇشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم كېيىنچە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭىز مۇمكىن. روشەنكى، سىز تۇغۇلغان يېرىمىدە مەڭگۈ تۇرىمەن دەپ ئېيتالماسلىقىڭىز مۇمكىن. بۈگۈنكى كۈندە «دۇنيانىڭ يەرشارىلىشىشى» دېگەن گەپ پۈرسەتنىڭمۇ يەرشارىلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قەيەردە خەلقىمىزگە لازىم بىلىملەر بولسا، ئىمكانقەدەر شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇشىڭىز كېرەك، بىزنىڭمۇ دۇنيادىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئىشلەيدىغان ئالىملىرىمىز بولۇشى كېرەك؛ بىزنىڭمۇ دۇنيانىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇنلىرىدا قەد كۆتۈرگەن خادىملىرىمىز بولۇشى كېرەك، سىلەر مۇشۇنداق ئالىي

مەقسەتلەرنى كۆڭلۈڭلارغا پۈكۈپ تۇرۇپ ئوقۇشۇڭلار لازىم. يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىسام، قازاقىستاننىڭ غالجات مەھەللىسىدە چوڭ بولغان، ئامېرىكىنىڭ بىر ئالىي مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتى شۆھرەت مۇتەللىپ غول ھۈجەيرە تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئارقىلىق خەلقئارادا چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ. ھە دېسىلا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن چىقماسلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسابلانمايدۇ، بىر ئۆمۈر ۋەتەندە ياشاپ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ھېچ ئىش قىلىپ بەرمەيدىغان ئىنسانلارمۇ بولىدۇ. ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىش ۋەتەننى تەرك ئەتكەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى، چەت ئەلدە تۇرۇپمۇ ۋەتەنگە ئىش قىلىپ بەرگىلى بولىدۇ. ۋەتەندە ياشاپ تۇرۇپ قەلبىڭىزدە ۋەتەن بولمىسا، ۋەتەن ئالدىدا نانكور بولىسىز، ۋەتەندە بولالمىسىڭىزمۇ ۋەتەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلسىڭىز، يەنىلا ۋەتەنپەرۋەر بولالايسىز. رۇسىيە شائىرى شىدرىن: «ۋەتىنى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ئىنسانلار ئەڭ خەتەرلىكتۇر» دېگەنىكەن. سىز نەدە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئانا تۇپراققا بولغان سەمىمىي رىشتىڭىزنى ئۈزمىسىڭىزلا، بۇ رىشتە سىزنى ئادىمىيلىكىڭىزنىڭ سۈزۈك بۇلاقلىرىغا ئۇندەپ تۇرىدۇ، ئۆزىڭىزدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچنى سېزىپ تۇرىسىز. كىلاسسىك شائىرلىرىمىز «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» دېگەن ئوتلۇق مىسرانى قالدۇرغان، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ۋەتەنگە تەتبىقلىساق تازا جايىغا چۈشىدۇ. ئادەتتە پەننىڭ چېگراسى بولمايدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بايلىقى، لېكىن ئالىمنىڭ ھامان ۋەتىنى بولىدۇ. قۇش ھەر قانچە ئېگىز پەرۋاز قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئوزۇقى بىلەن ئۇۋىسى زېمىندا بولىدۇ.

ساۋاقداشلار، مەن سىلەرگە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى يەر شارى كەڭلىكىدىن ئىزدەڭلار، لېكىن ۋەتىنىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار دەۋاتىمەن. شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىمۇ تەربىيەلەشكە ۋە پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك قەيەردىن باشلىنىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز، تۇغقانلىرىمىز، بوۋا ۋە مومىلىرىمىز، ئاندىن قالسا قولۇم-قوشنا، مەھەللە-كويلىرىمىز ئەڭ بىۋاسىتە ۋەتەنىدۇر. بىز مۇشۇ ۋەتەن ئاساسىدا ۋەتەن ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى تەدرىجىي كېڭەيتىمىز، بېيىتىمىز ۋە ئالىيجاناب پەللىگە كۆتۈرىمىز. بىزنىڭ مىجەز-خۇلقىمىز ئانىمىز بەرگەن سۈت ۋە نان بىلەن شەكىللىنىدۇ، چۈنكى ئانىلار ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاللەمچە مېھرىنى قوشۇپ بېرىدۇ. بىزنىڭ مىجەز-خۇلقىمىز ئاتىمىز بەرگەن غۇرۇر بىلەن بېجىرىملىك ۋە قەتئىيلىككە ئىگە بولىدۇ. ئاتا-ئانا بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىز سۈپىتىدە خاراكتېرىمىزگە ئۆچمەس تامغىلارنى باسىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۆزىمىز تەۋە بولغان خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ئېسىل ئەنئەنىسى، پارلاق مەدەنىيىتىنى بىلدۈرەلمىسە، بىز بالىلىقىمىزدىكى ناھايىتى مۇھىم ئوزۇقتىن مەھرۇم قالغان بولىمىز. ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تىل ئۇستازى،

ئانا تىلىمىزدىكى چوڭقۇر مەنالىق، ھېسسىياتقا باي سۆزلەرنى پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ. ئانا تىل شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىككى، ئۇنى بىزگە مېھرىبان ئاتا-ئانىلىرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىز مۇھەببەت بىلەن ئۆگەتكەن، تىلىمىزدىكى ھەربىر تاۋۇش، ھەربىر ئاھاڭ بىزگە ئازادىلىك ۋە مۇھەببەت ئەۋجىدىكى شېرىنلىك ئىچىدە سىڭگەن بولىدۇ. بىز ئاتا-ئانىلىرىمىز ئارقىلىق سۆيۈشنى ۋە سۆيۈلۈشنى ئۆگىنىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتى، ئىنكاسى، خۇشاللىق ۋە قايغۇسى بىلەن تەبىئىي ئۆزلىشىپ كەتكەن ھايات بىلىملىرىنى ئۆگىنىمىز، بۇ بىلىملەر بىزنىڭ كېيىنكى سىستېمىلىق پەننىي بىلىملىرىمىزنىڭ خۇرۇچلىرىغا ئايلىنىدۇ.

بىز ئۆسكەن مەھەللە بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ يەنە بىر ئۇستازى، بىزنىڭ بالىلىقىمىز مەھەللىمىزدىكى تەبىئىي مەنزىرە، مەھەللىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ، بىزنىڭ تىلىمىز مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ ئىخچام مەدەنىيەت مۇزېيى ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىيدۇ، غەمسىز بالىلىق بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن مەھەللە بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەسلىمىمىزگە ئايلىنىپ، خۇشاللىق ۋە لەززەت ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر روھىي ئوزۇق ئالىمىز، بىر ئۆمۈر ئىلھاملىنىمىز. بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى سۆز بايلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى شۇ خەلق ياشىغان ماكانىنىڭ ئېكولوگىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىزدە بىر بالا تۇغۇلسا «ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟» دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا «بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟» دەپ سورايدىغان ئەھۋاللار بار. ئەگەر بۆرە بىلەن تۈلكە خەلقىمىز ياشاپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس زېمىندا مەۋجۇت بولمىسا، بىزدە بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ ھاياتى ۋە خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئىنچىكە كۆزىتىش بولمىسا، ئۇلار ھەققىدە ھەقىقىي تونۇشىمۇ بولمايتتى، جۈملىدىن يۇقىرىقىدەك ئىپادىلەشمۇ بولمايتتى. تىل دېگەن ھاياتلىقتىكى كونكرېت ماكان-زاماننىڭ مەنىۋىلىشىشى سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ ھايات شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ خۇلقىنى ئۇنىڭ تىلىدىن روشەن كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بالىلىقتا قوبۇل قىلغان تىل بىلەن تەپەككۇر بىزنىڭ كېيىنكى ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ گېنىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق مائارىپشۇناس م. مونتىسسارى: «كىشىلەر ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىيەلەيدىغان بىردىنبىر تىل - دەل بوۋاق مەزگىلىدە ئۆگەنگەن ئاشۇ تىلدۇر» دېگەنىدى. بىز باشقا تىللارنى ئانا تىلىمىز ئارقىلىق ئۆگىنىمىز ۋە دۇنياغا يۈزلىنىش مۇساپىمىزنى بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن باسىمىز.

ساۋاقداشلار، سىلەر ئۈرۈمچىدە چوڭ بولدۇڭلار، ئۈرۈمچى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئارىلاشما مەدەنىيەتلىك شەھەر، سىلەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يېزا-قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىڭلارغا نىسبەتەن بىر قەدەر ئەۋزەل ئائىلە ۋە مەكتەپ شارائىتىدا يېتىلدىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ئائىلە ئەھۋالىڭلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن، سىلەردىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ: ئۆيۈڭلاردا كىچىكرەك بولسىمۇ ئائىلە كۇتۇپخانىسى بارمۇ-يوق؟ سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز تارىختىكى ھەم ھازىرقى ئالىم-ئەدىبلىرىمىزنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۇرامدۇ-يوق؟ سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز ئائىلەڭلارنىڭ نەسەبنامىسىنى سۆزلەپ بېرەلەمدۇ-يوق؟ ئەگەر يۇقىرىقى شەرتلەر ھازىرلانمىسا، سىزنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ مەنىۋى مۇھىتىنى ھەرگىزمۇ مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. شۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى سىز ئاتا-ئانىڭىزدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوئال سوراڭ، بۇنداق قىلىش سىزنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياردىمىڭىز بولىدۇ، ئۇلار سىزنىڭ سوئاللىرىڭىزدىن ئۆزلىرىنىڭ كەمتۈك تەرەپلىرىنى ھېس قىلىدىغان بولسۇن. كىلاسسىك كىتابلار سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ئاۋازى، سىز بۇ كىتابلارنى ئوقۇسىڭىز ئەجدادلار بىلەن ئۆزىڭىزنى تۇتاشتۇرالايسىز، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى چۈشىنىدىغان بولىسىز، ئۆزىڭىزنى توغرا تارىخىي ئاڭغا ئىگە قىلالايسىز، ئەقىل بۇلىقىڭىز تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ، ئىجادىيەت ھەۋىسىڭىز ئۇرغۇيدۇ. سىز ئىراننىڭ 10-، 11- ئەسىرلەردە ئۆتكەن داڭلىق شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ تۈرك نەسىللىك سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى خوراسانغا ھۆكۈمدار بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، پارسلارنىڭ ئەپسانە دەۋرىدىن ئىسلاملىشىش دەۋرىگىچە بولغان تارىخىنى پارس تىلىدا يېزىپ چىقىپ، «شاھنامە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى تەقدىم قىلىدۇ. شائىر ئۆز ئەمگىكىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق يازىدۇ:

ئوتتۇز يىل مېھنەت ھەم زەخمەتتە قالدىم،
پارسچىدا ئىراننى قۇتقۇزۇپ ئالدىم.

فىردەۋسى شۇنى بىلىدۇكى، چېچىلاڭغۇ تارىخ راۋان، ساپ تىل بىلەن رەتلىنىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغاندا، ئۇ ئەۋلادلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشىدىكى ۋە قەدىر-قىممەتنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىنى تېپىشىدىكى يول خەرىتىسىگە ئايلىنىدۇ.

ساۋاقداشلار، ئۈرۈمچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولسىمۇ، خەلقىمىزگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمىسىڭىز ۋەتىنىڭىزنى ھەرگىز تولۇق چۈشىنەلمەيسىز. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز يېزىلاردا، سىز يېزىلارغا بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟ يېزىلىرىمىزنىڭ جاپالىق، لېكىن سېخىي قىياپىتىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەگەر تېخىچە ئۇنداق قىلىپ بولالمىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە تەكلىپ بېرىمەنكى، تەتىلدىكى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ جەنۇب ۋە شىمالدىكى يېزىلارغا بېرىڭ، شۇ چاغدا ۋەتىنىڭىزنىڭ بىپايان قۇچىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز، خەلقىڭىزنىڭ روھىدىكى بايلىقلارنى كۆرۈپ كۆڭلىڭىز لىققىدە بولىدۇ. تەكلىماكان ۋادىسىدىكى ھەر بىر يۇرت، ھەر بىر شەھەر ئۆزگىچە خىسلەتلەر بىلەن سىزنى رام قىلىۋالىدۇ، سىزگە ھەر قانداق كىتابتا دېيىلمىگەن ھايات مۆجىزىلىرىنى

نامايان قىلىدۇ، سىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۆرۈمچىنىڭ ئېگىز بىنالىرىدىن تورلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىڭىز كەڭ داللارنىڭ باغرىدا ئەركىن قىيغىتىدۇ. سىز ئانا دىيارىڭىزدىكى تاغ-دەريالارنى، ئۈنىڭدىكى بايلىقلارنى، خەلقىڭىزنىڭ ياشاش شەكلىنى تونۇپ چۈشەنمەيلا يىراق ئەللەرگە كېتىپ قالسىڭىز، كېيىنچە پۇرسەت يارىتىش تېخىمۇ تەس بولىدۇ. چۈنكى، سىز چوڭ بولغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىسىز. شۇنداق بىر ئادەتتە پىرىنسىپ بار، بىلىپ قويۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمىگەنلەر باشقىلارنى سۆيەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى سۆيمىگەنلەر باشقىلارنى تېخىمۇ سۆيمەيدۇ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلەر باشقىلارنىڭ ۋەتىنىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. بۇنداقلار ئۆزىنىڭ قەدرىنى مەڭگۈ باشقىلارغا بىلدۈرەلمەيدۇ. مەن سىزگە بىر ئادەتتە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىممەتلىك تەرەپ ھەققىدىكى بىر مىسالنى دەپ بېرەي، بۇنى بىر ۋەتەندىشىم ماڭا دەپ بەرگەنىدى: «ئىستانبۇلنىڭ بىر قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتىم، - دەپ بايان قىلىشقا باشلىدى ئۇ ۋەتەندىشى، - بىر ئايالنىڭ قويۇق خوتەن شېۋىسىدىكى گېپى مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى، ئۇ ئايال مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى ھەرگىز بىلمەيدۇ، مەنمۇ ئۇ ئايالنى تونۇمايمەن، ئۇ مېنى بىر تۈرك دەپ يول سورىغانىدى، مەن ئۇ ئايالدىن ھەم ھەيران قالدىم، ھەم سۆيۈندۈم. ئۇ ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ئۇيغۇرچە سۆزلىدى. ئەگەر ئاقسۇدا ياكى غۇلجىدا بولغان بولسا ھەيران بولمايتتىم. ئۇ ئۇيغۇرنى ئالايتەن ئىزدىمىسە ئۇچراتقىلى بولمايدىغان يات بىر شەھەردە خوتەن پۇراپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزدا مەندىن يول سورىدى. قارىسام ئۇ ئايالدا نە تەڭقىسلىق، نە خىجىللىقنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئەكسىچە ناھايىتى تەبىئىي تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرىپ يولنى چۈشەندۈردۈم. ئۆزۈم شۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتتىم.»

مانا بۇ بىزنىڭ خەلقىمىزدىكى ساپ دىللىق. ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئايال ئىستانبۇللۇق بىر تۈرككە ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ غەرىزىنى ئۇقتۇرالىغان بولاتتى. بىر سودىگەر ئۇيغۇرچە سۆزلەپ يۈرۈپ ئالمۇتا، بىشكەك، تاشكەنت، ئاشخاباد، باكۇ، ئىستانبۇللاردا نان تېپىپ يېيەلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەگەر سىز ئانا تىلىڭىزغا پىششىق بولۇپ، خەنزۇ تىلىغىمۇ ماھىر بولسىڭىز، كېيىن ئىنگلىز تىلى قاتارلىق چەت ئەل تىللىرىنىمۇ ئۆگەنسىڭىز، سىز ياشىيالايدىغان مۇھىت ھەسسىلەپ كېڭەيگەن بولىدۇ. سىز كۆپ تىللىشىش دەۋرىدە ياشاۋاتىسىز، ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت مۇناسىۋىتىنى قانداق يارىتىسىز؟ بۇ سىلەردەك ئەۋلادنىڭ ئالدىغا قويۇلغان چوڭ مەسىلە. تىل - بىلىملەر خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى، ئادەم بىلەن ئاچقۇچنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئادەم بەلگىلىگۈچى ئامىل، ئاچقۇچنى نېمىگە ئىشلىتىسىز؟ بۇ غايە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

ساۋاقداشلار، سىز ئانا يۇرتىڭىزدىن ئايرىلغان ھامان ۋەتەن ۋە تىل مەسىلىسى شۇ ھامان ئايدىڭلىشىدۇ. بۇلارنى توغرا ھەل قىلماي تۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن بۈگۈن بۇلار ھەققىدە توختالدىم. يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. سىلەر زېرەك ھەم چېچەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاستا-ئاستا بىلىۋالىسىلەر. ئاخىرىدا مەن سىلەرنىڭ تېنىڭلارغا سالامەتلىك، ئۆگىنىشىڭلارغا ئۇتۇق، تۇرمۇشۇڭلارغا بەخت تىلەيمەن. زەپەر سىلەرگە يار بولسۇن!

كۆپچىلىككە رەھمەت!

ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە
تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى

(ئىنسان) تىلىگە ئېرىشسە، ھايات ياشىيالمايدۇ، ھايات بولسا تىلىگە يېتەلمەيدۇ. ئازراق ياخشىلىق يېتىشسە، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، سۆزىنى يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن چاغلايدۇ، مەرتىۋە قازانسا، مەغرۇر، كۆرەڭ بولۇۋالىدۇ، ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىدۇ ۋە ئۆكۈنچ بىلەن ئۆلىدۇ. يەپ تويسا، قىلىقلىرى بۇغرادەك بولىدۇ. ئەگەر قارنى ئاچسا، بىلىپ تۇرۇپ زەھەرنى يەيدۇ. كۈلپەتتىن قاچىدۇ، راھەتكە ئەگىشىدۇ، سۆيگىنىگە يېتىدۇ، يەتكەندىن كېيىن (يەنە) ۋاز كېچىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# غەرب باشلانغۇچ مائارىپى توغرىسىدا قىلغانلىرىم

رەنا غوپۇر ( ئاۋستىرالىيە )

بۇيىل ئاۋستىرالىيە ۋىكتورىيە شتاتى مائارىپ سىستېمىسىدا مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمغا بەش يىل بولىدىكەن. باشتا پۈتۈن دىققىتىم قانداق قىلغاندا خاتالىق چىقارماي تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشقىنىمدىن كۆپ نەرسىلەرگە دىققەت قىلالمىغان ئىدىم. تەجرىبىلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ خىزمەتنى ھۇزۇر بىلەن ئىشلەيدىغان بولدۇم. ئاندىن بۇ نەچچە يىل كۆرگەنلىرىمنى ، مەن تەربىيەلەنگەن باشلانغۇچ مائارىپقا سېلىشتۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسى ۋە مۇرات ئەپەندىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

مەن ئىشلەۋاتقان مەكتەپ مېلبورن شەھىرىدىكى بىر نەچچە ھۆكۈمەت مەكتىپى ۋە دىنىي مەكتەپتە مەمۇرىي خادىم بولۇپ ئىشلەپ باقتىم. ھازىر 450 ئوقۇغۇچى، 320 ئائىلە ۋە 50 خىزمەتچىسى بار بىر كاتولىك مەكتىپىدە مەمۇرىي خىزمەت قىلىمەن. مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى بارلىق خىزمەت ۋە باللارنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىدىكى بەزى سېستىرالىق ئىشلىرىنى قىلىشىمۇ مېنىڭ خىزمىتىم. بۇ جەرياندا ماڭا تۇنجى تەسىر قىلغىنى مەكتەپ مەمۇرىي بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش پۈتۈنلەي ئايرىلغان بولىدۇ.

كۆپچىلىكىمىزنىڭ ئېسىمىزدە بولۇشى مۇمكىن، بىز ئوقۇغاندا سىنىپ مەسئۇلى پۈتۈن ئىشقا مەسئۇل ئىدى. ئوقۇش پۇلى، كىتاب پۇلى يىغىش، ئاتا ئانىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئوقۇغۇچىلار ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش دېگەندەك . ھالبۇكى بۇ يەردىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئوقۇتقۇچىلىق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش، ئائىلىگە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىش، پۇل يىغىش دېگەندەكلەر مەمۇرنىڭ خىزمىتى. ئوقۇتقۇچىلار ھەتتا ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئارخىپىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئەھۋالى ئۇلار ئۈچۈن قاراڭغۇ. ئالاھىدە ياردەم تەلەپ قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسى ئالدى بىلەن مەكتەپ مەمۇرىي بىلەن ئاندىن ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ھەممە ئوقۇغۇچى ئوخشاش. ئوقۇش پۇلى تۆلىگىنىمۇ تۆلىمىگىنىمۇ ، بايمۇ كەمبەغەلمۇ ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. ھەمدە ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مەمۇرلار ئوتتۇرىسىدا پاراڭ تېمىسى بولمايدۇ. بۇ مەمۇرلارنىڭ خىزمەت سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەندەك قىلسىمۇ، بىر سىنىپقا ئىككى ئۈچلا ئوقۇتقۇچى مەسئۇل بولىدىغان ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچىلار دىققىتىنى ئوقۇتۇشقا مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

تۇزۇمنىڭ ئىنسانلىق نۇقتىسىنى چىقىش قىلىشى. باللار مەكتەپكە تىزىملىتىشتىن بۇرۇن ، مەكتەپ بىر نەچچە ئائىلىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئېكسكۇرسىيە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئاتا ئانىلار باللارنى ئېلىپ ياكى ئالماي مەكتەپنىڭ پۈتۈن ئەسلىھە، ئوقۇ - ئوقۇتۇش، ئىدىيە تەشۋىقاتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. تىزىملاتقاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ۋابا مەزگىلىدە بۇ توردا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىنىڭ ئەكس تەسىر قايتۇرۇش ئىقتىدارى، سۆز قابىلىيىتى، ئىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئاندىن قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق، قايسى سىنىپقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالاھىدىلىكى، كەمچىلىكى قاتارلىقلار خۇلاسىلىنىپ ئوقۇغۇچى ھەم ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش قارار قىلىنىدۇ.

مەكتەپتە تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنى بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈش كېرەك. ئادەتتە بىر ئائىلىنىڭ باللىرى ياكى نەۋرە ئۇرۇق تۇغقانلار بىر گۇرۇپپىدا بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بىر ئائىلىدە ئىككى ياكى ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ بەسلىشىپ قالىدىغان، بۇ جەرياندا باللار ياكى چوڭلارنىڭ ئەھمىيەتسىز ئۇرۇش جېدەل قىلىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدۇ. ئاتا ئانىلار بۇنداق كىچىك جېدەلنىڭ بەزىدە قانداق باش ئاغرىتىدىغىنىنى ياخشى چۈشىنىسىلەر دەپ ئويلايمەن.

ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ئېلان قىلىنماسلىقى . شتات مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە يىلدا بىر ياكى ئىككى قېتىملىق ئاتا - ئانىلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىكى دوكلاتى ئائىلىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇچرىشىش بىرگە بىر بولىدۇ. دوكلاتمۇ ئاغزى چاپلانغان كونۋېرتتا بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا بەرمىگىچە ئاچماسلىق تەكىتلىنىدۇ. ھېچقانداق نەتىجە ھەرقانداق دائىرىدە ئېلان قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ ئەسلى چىقىش نۇقتىسى شەخسىيەتنى قوغداش بولۇشى مۇمكىن. ھەرھالدا ئەھمىيەتسىز سېلىشتۇرۇش ياكى سېلىشتۇرۇلۇشىدىن خالىي بولۇپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارغا باشقىلار بىلەن ئەمەس، ئۆزى بىلەن رىقابەتلىشىپ ئالغا بېسىشنى ئۆگەتكىلى بولىدۇ. غەرب جەمئىيىتىدىكى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭمۇ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى بولماي ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھالەتتە ياشىشى بەلكىم مۇشۇنداق يېتىلدۈرۈلگەن بولسا كېرەك.

پىداكارلىق روھى. مەكتەپنىڭ ھەرخىل

ئۇيۇشمىلىرى بولىدۇ. بۇ ئۇيۇشمىلاردا ئاتا ئانىلار پىداكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. بولۇپمۇ ئانىلار يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بازار قىلىپ، يىغىلغان پۇلنى مەكتەپنىڭ ھەرخىل ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بېرىدۇ. ئۆزلىرى ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ھەم بۇنى بىرخىل شەرەپ ھېس قىلىدۇ. پەرزەنتىمۇ مۇشۇنى كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، چوڭ بولغاندا ئۇلارمۇ داۋاملىق پىدائىي بولىدۇ.

خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈزۈمى. مەكتەپتىكى ھەر بىر خىزمەتچى باشلانغۇچ جىددىي قۇتقۇزۇش ساۋاتلىرى ۋە ئوت ئاپىتى ، تېررورلۇق ھوجۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى ئۆگىنىپ لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئېلىشى كېرەك. بۇ كىنىشكىلەر ئادەتتە يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىدۇ. رېئاكسىيە خەۋپى بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. يېنىكلىرى بۇرۇن ياللۇغى، تېرە قىزىرىش ياكى قىچىشىش، ئىششىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن تۈگىسىمۇ، ئېغىرلىرىدا ھوشىدىن كېتىش، تۇتقاق كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئالاھىدە خەۋپ كۆرۈلگەندە ئوقۇغۇچىلارنى بىخەتەر يەرگە يۆتكەش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىنىشى كېرەك.

ھەمكارلىق. تەييارلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش باشلىغاندىن باشلاپ يۇقىرى سىنىپتىكى بىر ياكى ئىككى ئوقۇغۇچى بىردىن كىچىك بالىغا مەسئۇل بولىدۇ. بالىلار يېڭى تۇرمۇش باشلىغاندا ئاتا ئانىلار ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى جىق ئويلاپ كەتمەيمىز. ئۆزى بىلەن تەڭ بالىلار بىلەن ئويناپ خۇشال بولىدۇ دەپ قارايمىز. ئەمما قىسمەن بالىلار ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ. ئالدىراپ چوڭلارغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. يۇقىرى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇلارغا مەكتەپ ھاياتىنى ئۆگىتىدۇ . ئاغرىپ قالغاندا، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا قانداق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەمكارلىق بىرىنچى يىللىقنى تۆگەتكۈچە داۋاملىشىدۇ.

ئەمدى بۇ تۈزۈمنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك كەمچىلىكىگە كەلسەك، شەخسىي ھوقۇق مەنپەئەتنى يۇقىرى دەرىجىدە تەرغىب قىلىشتىن بالىلاردا شەخسىيەتچىلىك ئېغىرلايدىكەن. ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە بولمىسىلا ئامال بار قول تىقماسلىق ، ياكى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئارىلاشماسلىق ئېغىر. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىدەك باشقىلارغىمۇ جان كۆيدۈرىدىغان مىللەتنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن چوڭ رىقابەت. بالىلارنى ھەم ئۇيغۇر ئەخلاقىدا، ھەم غەرب جەمئىيىتىدە جان باقالايدىغان قىلىش ئاسان ئەمەس.

بالىلاردا يەرگە قاراش دېگەن ئۇقۇم بولمايدۇ. بىزدە تەنقىدكە ئۇچرىغاندا يەرگە قاراپ تۇرۇش ھۆرمەت. ئەمما غەربتە سۆز قىلغۇچىنىڭ كۆزىگە قاراش ھۆرمەت. شۇڭا تازا خاپا بولۇپ تەنقىدلەۋاتقان بالىڭىزنىڭ كۆزىڭىزنىڭ بالىخانىسىغا قاراپ تۇرۇشى سىزنى بەزىدە تېخىمۇ رەنجىتىدۇ.

بالىلار ئوقۇتقۇچىسىغا ئاتا ئانىسىغا قارىغاندا يېقىن بولىدۇ. ئۆيدە بولغان ئىشلارنى دەيدۇ. بەزى كۆچمەن مىللەتلەردە بالىلارنى ئانچە مۇنچە ئۇچۇقداش نورمال ، ئەمما مەكتەپكە بېرىپ مۇئەللىمگە دېسە «بالىلارنى قوغداش كومىتېتى » ياكى ساقچى ئارىلىشىدۇ، ئېغىرىدا بالىنى تارتىۋېلىپ باشقا ئائىلىگە باققىلى بېرىلىشى مۇمكىن.

ئەقىل-پاراسەتسىزلەر ئۆكۈنۈپ دەيدۇكى، ئەي
ئەقىل، سەن بولمساڭ ھەسرەت چېكمەن،
ئۆكۈنمەن. سەندىن ماڭا بىر ئۈلۈش تەگمىدى،
سېنىڭسىز كىشىنىڭ كۆڭلى (گويا) ئۆلۈكتۇر.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# شۈبۈرشۈننىڭ چۈشلىرى*

ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلورۇسىيە)

ئۆيگە بارىدىغان يول زادىلا تۈگىمەيدىغاندەك بىلىنەتتى. شۈبۈرشۈن ئارىلاپ بوينىنى سوزۇپ، ئەتراپقا قارايتتى. قىرغاقتىكى مەنزىرىلەر ئۆزگەرمىگەندەكلا كۆرۈنەتتى. بەلكىم، ئۇنىڭ قولۋىقى سۇ يۈزىدە لەيلەپ، بىر يەردىلا تۇرىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. بەلكىم، ۋېرونىكىنى تاشلاپ قاچقىنى توغرا بولمىغاندۇ؟ ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، قايتىپ بارسىچۇ؟ بىراق قولۋاقنى ئەندى ئېقىمغا قارشى ھەيدەش تەس. شۇنداق ئارىسالدى ئويلار بىلەن بالىقاي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، تۈگۈلۈپ ياتتى ۋە ئىچىدە ساناشقا باشلىدى.

بۇ تېز ئۇخلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى. ۋېرونىكا ئۇنۇڭغا شۇنداق ئۆگەتكەن ئىدى. مەسىلەن، 100 -گىچە ساناش كېرەك. ياكى خىيالىڭدا كوچىلاردىكى ماشىنىلارنى، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلارنىلا ساناشقا بولىدۇ. «ياق، مەن خىرونىكا ئىككىمىز ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغان دۆلەتلەرنى سانايمەن»، دېگەن قارارغا كەلدى بىزنىڭ ساياھەتچى.

دەسلەپ ئېسىگە كەلگىنى – ئاۋستىرالىيە بولدى. «ئۇ يەرگە بېرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، خەرىتىدىن ئاران ئىزدەپ تاپىسەن. ئۇ – كېنگۇرۇلارنىڭ ۋەتىنى، بېلارۇسىيەدىن خېلى يىراق. شۈبۈرشۈننىڭ قولۋىقىدا ئۇ يەرگە بېرىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس... بولىۋىيە. ئۇ يەرلەردە كىم خوجايىن؟ پۇما بولسا كېرەك».

بالىقاي ئېلىپبە بويىچە، ۋيېتنامنى ئېسىگە ئالدى. ۋېرونىكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ يەردە ھەرخىل يىلان-چايانلار كۆپ. «گىرېتسىيەچۇ ؟ بەلكىم، بۇ يەر ئانچە خەتەرلىك ئەمەستۇ»، دەپ ئويلىدى بالىقاي.

– قويغىنە، بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي-چوڭقۇرى كۆپ.

ئۇيقۇ كەلتۈرىدىغان بۇ ئۇسۇل ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. شۈبۈرشۈن ئاستا-ئاستا ئەسنەشكە باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ساناشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. «زامبىيە - ئۇ نەدە؟ ئافرىقىدا. ئاغزى ئۆڭكۈردەك سۇ كالىلىرى، ھەيۋەتلىك، ئاچ كۆز يىرتقۇچ ئىمساھلار ... يېتەر، ئۇلارنى ئويلىمىغىنىم ياخشى. بولمىسا ئۇيقۇنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋېتىدۇ».

شۈبۈرشۈن ئالىلىقاچان ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بولسىمۇ، «ساناش» تېخىچە توختىمىغان ئىدى. ئۇ ئەندى چۈشىدىمۇ داۋاملىشىۋاتاتتى. مانا ئۇ سۋىسلوچتىن يىراق يەرلەرنى كېزىپ يۈرىدۇ. «بۇ قەيەر؟ بەلكى، ھىندىستان بولۇشى مۇمكىن؟ ئەنە، يەرلىك خەلق «ئورمان ئاپتېكىسى» دەپ ئاتايدىغان نىم دەرەخى. نېرىدا بىر يىلتىزدىن يۆزلىگەن شاخلار ئۆسۈپ چىققان «ئورمان دەرەخ» بانيان كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارىسىدا ئېزىپ قېلىشىڭ تۇرغان گەپ.

بالىقاي كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. جاڭگالدىن تاغدەك بىر نەرسىلەر ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. «بىر، ئىككى، ئۈچ...»، ئۇ گىگانتتەك پىللارنى كۆرۈپ، ساناشتىن ئېزىپ كەتتى. بۇ جانىۋارلار يوغان ئۆيلەرنى ئەسلىتەتتى. «بۇلارنى چۈشۈڭدىمۇ كۆرەلمەيسەن»، دەپ پىچىرلىدى



بىزنىڭ ساياھەتچى . بىراق بۇ، ھەقىقەتەنمۇ، چۈشى ئىدى .

سۋىسلوچ دەرياسىنىڭ تىنىق سۇلىرى، قولۋاقنى بۆشۈكتەك تەۋرىتىپ ئېقىشى ۋە ساپ ھاۋا بىزنىڭ ساياھەتچىنى يىراق دۆلەتلەرگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ھىندىستاندىن كېيىن كانادا.

بۇ يەردە شۈبۈرشۈن ئۇزۇنلۇقى 6 گەز، ئېغىرلىقى 150 كىلوگىرامدەك بولىدىغان ئوسېتر بىلەن تونۇشتى. بۇ يوغان بېلىق شۈبۈرشۈننىڭ جەسۇرلىقىغا ھەيران قالدى. بالىقاي بېلىققا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سالام بەرگەچ، ئۆزىگە ئانا يۇرتىنىڭ دەرياسىدا

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

ھېچ خەتەر يوقلۇقىنى ئېيتتى. كانادا دەرياسىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭغا پايدىلىق مەسلىھەت بەردى:

– مېنى بۇ يەردە «فرېيزېر دەرياسىدىكى بېلىقلارنى قوغدايدىغان جەمئىيەت» ئۆز غەمخورلۇقىغا ئالدى. ساڭىمۇ سۇيسلۇچ ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ئادەملىرى پانا بولسا ياخشى بولار ئىدى، – ئاۋازىنى كۆتۈردى ئوسېتر خوشلىشىۋېتىپ.

ساياھەت داۋاملاشماقتا. «ك» ھەرپىدىن كېيىن «ل»نىڭ نۆۋىتى كەلدى. لائوس. تۇيۇقسىز يەنە چىرايلىق دىلفىن پەيدا بولدى. ئۇ قەيەرگە كېلىپ قالدى؟ يە، سۇيلوچنىڭ سۇلىرى لائوسنىڭ دەرياسىرىغا قويۇلامدۇ ؟ ئىسمى قانداقتى؟ تيو، كونت، نوماۋ ... يە، تىېكونگمېكىن؟ شۇبۇرشۇننىڭ بېشى قاتتى.

«خەپ، ئۆزۈمنىڭ بولوچانكامغا يېتىۋالايچۇ، جۇغراپىيەنى ياخشىلاپ ئوقۇيمەن»، دەپ ۋەدە بەردى ئۆزىگە.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ (قازاقىستان)

# ئىككى ناخشا

(ناخشا مەتىنى)

ئاۋۇت ماسىموۋ (قازاقىستان)

## ياشلىقىم

ياشلىقىم بىر غۇنچە گۈلۈم،
دىلىم خۇشال يايرايمەن.
ئانا ۋەتەن باغلىرىدا،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

**قايتۇرمىسى:**
ئەزىز ئاتا، ئەزىز ئانا،
يېنىمدا بولسا،
گۈلزارلاردا ھاردۇق ئېلىپ،
ئوينارمەن شۇندا.

ئەزىز ئاتا، ئەزىز ئانا،
تىرەكىم بولسا.
قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىپ،
ئۇچارمەن شۇندا.

ئوتلۇق يۈرەك ئىلھام قېقىپ،
چالدىم قەلبىم تارىنى.
دوستلىرىمغا سوغا قىلدىم،
كۆڭلۈمدىكى بارىنى.

**قايتۇرمىسى:**
ئەزىز ئاتا، ئەزىز ئانا،
يېنىمدا بولسا،
گۈلزارلاردا ھاردۇق ئېلىپ،
ئوينارمەن شۇندا.

ئەزىز ئاتا، ئەزىز ئانا،
تىرەكىم بولسا.
قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىپ،
ئۇچارمەن شۇندا.

## ئال ، دوستۇم...

ئال، دوستۇم، قولۇڭغا دۇتار، تەمبۇرنى - ساتارنى،
چالغىننە خەلقىمنىڭ گىمنى، سازىنى.
مۇز باسقان دىللارنى، خىيال ئويلارنى- ئويلارنى،
ئېرىتىپ، سۆزلەتكىن، ئويغات دىللارنى.

ئال، دوستۇم، قولۇڭغا، دۇتار، تەمبۇرنى -ساتارنى،
قاتايلى ناخشىغا غېنى، سادىرنى.

باتۇرلار روھلىرى قوللاپ ئەۋلادنى -ئەۋلادنى،
ئىنتىقام ئېلىشقا باشلار ئۇيغۇرنى.

جان دوستۇم، جاپاكەش خەلقىم ئارمىنى-ئارمىنى،
بىر كۆرۈش ۋەتەننى، مۇستەقىل ئەلنى.
يەلپۈگەن ئاي يۇلتۇز كۆپ كۆك بايراقنى-بايراقنى،
قوللاردا چىڭ تۇتۇپ ئۆتۈش ئارمىنى-ئارمىنى.

*ئەدەپسىزلەرگە قىتىلما، يۈز-ئابرۇيۇڭنى تۆكمىدۇ.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# مەغلۇبىيەت دەپتىرگە ئىلاۋە

(داستان)

نىزار قەببانىي (سۇرىيە)

1
ئەي دوستلىرىم!
بۈگۈن مەن سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەن:
بىر قەدىمىي تىل ئۆلدى
كونا كىتابلار ئۆلدى
يەنە سىلەرگە جاكارلايمەن:
كونا ئاياغدەك ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن سۆزلەر ئۆلدى
سەت گەپلەر
ھەجۋىي سۆزلەر
تىللاق[1] سۆزلىرى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلدى.
يەنە جاكارلايمەن:
مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىدىيەلەر ئەمدى تۈگەشتى.

2
بىزگە ئەمدى ياقماس بولدى
مەدھىيەنامەلەر:
ئاياللارنىڭ ئۆرۈم چاچلىرى
سالقىن كېچىلەر، چىلتەكلەر، دىۋانلار
ئالدىمىزدىكى بارچە نەرسىلەر.

3
ئەي غەمكىن ۋەتەن!
ئايلاندۇردۇڭ مېنى بىردەمدە
سۆيگۈ شېئىرى يېزىپلا يۈرگەن
بىر شائىردىن باشقا شائىرغا
شېئىر يازىدىغان پىچىقى بىلەن.

4
بىز ھېس قىلىۋاتقان نەرسىلەر
قەغەزلەرگە ئەمەس پاتقۇدەك
شۇڭىمۇ دەيمەن:
يازغان شېئىرلىرىمىزدىن نومۇس قىلساق بولغۇدەك.

5
نېمە بوپتۇ جەڭدە زىيان تارتساق
چۈنكى بىز جەڭگە كىرگەن تۇرساق
شەرقچە گەپدانلىقنى دەسمايە قىلىپ
چىۋىن ئۆلتۈرەلمەس پوپوزىنى قالقان قىلىپ
چۈنكى بىز جەڭگە كىرگەن تۇرساق
راۋابنى بىلەن دۇمباقنى چېلىپ.

6
ئويلاپ باقسام، خاپىلىقلار كەلدى دەپ نەدىن؟
چۇقانىمىز يوغان ئىكەن ئاۋازىمىزدىن،
قىلىچىمىز ئۇزۇن ئىكەن بويىمىزدىن.
7
مەسىلىنىڭ تۈگۈنى
بىر ئېغىز گەپ نەق ئۆزى:
كىيىگەن بىز مەدەنىيەت دەپ ئۇنىڭ پوستىنى
ئەمما جاھالەتتۇر روھىمىزدا ھۆكۈم سۈرگىنى.

8
كۈن ئۆتكۈزۈپ نەي، سۇناي چېلىپ
بولماس ھېچ چاغ زەپەر قازىنىپ.

9
ئالدىراپ - تېنەپ چىقىرىپ قارار
ئەللىك مىڭ پارچە يېڭى چېدىرغا بولدۇق چىقىمدار[2]

10
تىللىماڭلار پەلەكنى
سىلەر بىلەن كارى بولمىسا.
تىللىماڭلار جاھاننى
چۈنكى نۇسرەتنى خالىغانغا بېرىدۇ خۇدا
تۆمۈرچىڭلار ئەمەستۇر ئۇ
سىلەرگە قىلىچ سوقۇپ بېرىدىغانغا.

11
خۇشۇم كەتتى ئەتىگەنلىك خەۋەرلەردىن
خۇشۇم كەتتى قاۋاشلارغا قۇلاق سېلىشتىن.

12
يەھۇدىيلار كىرمىدى چېگرالىرىمىزدىن
بەلكى كىردى ئۇلار
چۈمۈلىدەك سوقۇنۇپ ئەيىبلىرىمىز ئارىسىدىن.

13
بەش مىڭ يىلنى ئۆتكۈزدۇق
ماكان قىلىپ قارا زىنداننى
ئېڭەكلىرىمىز چۈشۈك
پۇل - مېلىمىز يىتىك
ئولاشتۇرۇپ كۆزگە چىۋىننى.
ئەي دوستلار:
سۇندۇرۇپ بېقىڭلار تاقاق ئىشىكلەرنى
يۇيۇپ بېقىڭلار ئوي - پىكىرلەرنى
كىيىم- كېچەكلەرنى.
ئەي دوستلار!
ئوقۇپ بېقىڭلار كىتابلارنى
يېزىپ بېقىڭلار...
تېرىپ بېقىڭلار! سۆزلەرنى، ئانارلارنى، ئۈزۈملەرنى.
كېزىپ بېقىڭلار!
قار دۆلىتى، مانان يۇرتىنى.
چۈنكى ئەللەر بىلمەس سىلەرنى،
زىندان سىرتىدىكىلەر سىلەرنى كۆرەر
كۆرگەن كۆزىدە خۇددى بۆرىنى.

14
بىزنىڭ تېرىلىرىمىز سەزمەس
روھىمىز نامراتلىق شىكايىتىدىن بەزمەس
كۆنمىز ئۆتەر پېرە ، شاھمات، مۆگدەك بىلەن بەس
يەنە بىز «كىشىلەرگە چىقىرىلغان ياخشى ئۈممەت»[3] دەپ
يۈرىمىزمۇ ئۆزىمىزگە قىلىشىپ ھەۋەس؟

15
چۆللىرىمىزدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان نىفىتنىڭ كۆچى
يېتەتتى
ئېرىتىپ تاشلاشقا
ئوت - يالقۇندىن پۈتكەن شەمشەرنى
بىراق، نېمە دېگۈلۈك؟!
نومۇس قىلماي قۇرەيش[4] تۆرىلىرى
ئەۋس[4]، نىزار[6] نىڭ نوچى ئەرلىرى
قىزلار ئاستىدا بېرىشتى جاننى.

16
كوچىلاردا چاپىمىز
قىستۇرۇۋېلىپ قولتۇققا ئارقان، ئۇچرىغاننى سۆرەپ ئېلىپ
مېڭىپ
ئىشىك - دېرىزىلەرنى قىلىمىز ۋەيران.
پاقىلاردەك تىنماي كۇركىراپ
ماختايمىز بىرىنى
بىرىنى سۆكۈپ
سولتەكلەرنى قىلىپ قەھرىمان
ئۇلۇغلارنىڭ قەدرىن چۈشۈرۈپ
بولۇپ كېتىمىز بىردىنلا يامان.
جامەلەردە ئولتۇرۇشقانچە
خامۇش تەلەت، ئېزىك، سىگارىيان
يېرىم - يارتا ئوقۇپ شېئىرلارنى
تەمسىللەرنى تۈزۈپ خىرامان
دەپ تىلەيمىز ئۇلۇغ تەكرىدىن
غالىب قىل بىزنى ياۋدىن ھەر زامان.

17
ئەگەر بىرى ماڭا بەرسە ئامانلىق
كۆرۈۋشەلىسەم سۇلتان بىلەن چىرايلىق
دېگەن بولاتتىم:
سۇلتان جانابلىرى؟!
ۋەھشىي ئىتلىرى تونۇمنى تالاپ تىتما قىلىۋەتتى
پايلاقچىلىرى ھەر ئان پايلايدۇ مېنى
مەندە كۆزلىرى
مەندە دىققىتى
كەتمەستىن نېرى
ئايالىمنى سوراققا تارتىپ
خەتلەپ يۈرۈشەر تونۇشلىرىمنى.
سۇلتان جانابلىرى؟!
ياساۋۇللىرى
ئوردا تېمىغا يېقىنلاشتىڭ، دەپ
دەرد، خاپىلىقىڭنى، ئېيتىپ يۈردۈڭ، دەپ
كەشلىرى بىلەن ساۋاشتى مېنى
ھەتتا كەشمىنى يېيىشكە زورلاشتى مېنى
سۇلتان ھەزرەتلىرى!
زىيان تارتتىلا ئىككىلا جەھەتتە
چۈنكى يېرىم خەلق تىلسىز بۇ ئەلدە
تىلسىز خەلقنىڭ قىممىتى نەدە؟
چۈنكى يېرىم خەلق
چۈمۈلە - چېكەتكىلەردەك قورشىلىپ قالغان
تاملار ئىچىدە.
سۇلتان ياساۋۇللىرىدىن بىرى ئەگەردە
ماڭا پاناھلىق بېرەلىگەندە
دەر ئىدىم سۇلتانغا:
زىيان تارتتىلا ئىككىلا جەھەتتە
چۈنكى
ئىنسان مەسىلىسىدىن قالدىلا چەتتە.

18
بىز ئەگەر
بىرلىكنى تۇپراققا كۆمۈۋەتمىگەن بولساق
ئۇنىڭ يۇمران تېنىنى نەيزىلەردە تىلغىمىغان بولساق
ئۇ كۆز قارىچۇقىمىزدەك تۇرغاندا ساپساق
بولماستى گۆشىمىز ئىتلارغا تاماق.

19
بىزگە
ئاچچىقلىنالايدىغان
ئۈپكۈقلارنى ئىلكىگە ئالالايدىغان
تارىخنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتەلەيدىغان
چوڭقۇر، تىرەن ئويلىنالايدىغان
بىر ئەۋلاد كېرەك.
بىزگە
خۇيى - خۇلقى بىزنى تارتمىغان
خاتالىقنى كەچۈرمەيدىغان
يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان
تىز پۈكمەيدىغان
ئىككى يۈزلىمىلىكنى بىلمەيدىغان گىگانت، بايراقدار بىر
ئەۋلاد كېرەك.

20
ئەي باللار!
تىنچ ئوكياندىن ئەرەب قولتۇقى[7]غىچە
بىزنىڭ ئۈمىد غۇنچىمىز سىلەر.
سىلەر كىشەنلەرنى پاچاقلايسىلەر
باشلارنى ئەپيۇندىن تازىلايسىلەر
خام خىياللارغا خاتىمە بېرىسىلەر.
ئەي باللار!
سىلەر تېخى بىغۇبار
سىلەردىكى شۇ پاكلىق، ئاقلىق
گويا مۆلدۈر، قارلارغا ئوخشار
ئەي باللار بىزنى ئۇقماي، بىلمەي كېتىڭلار
چۈنكى بىز ئادەملەر ئۈمىدى ئۆلگەن
تاۋۇز شاپىقىدەك دەسسەپ، چەيلەنگەن
چۈنكى بىز چىرىپ كەتكەن
كونا كەشتەك، ئۇزاق كىيىلگەن
بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بىلمەي قېلىڭلار
ئىددىيەمىزدىن نېرى قېچىڭلار
ئىزىمىزنى بېسىپ قالماڭلار
چۈنكى بىز

قۇسۇققا بۇلانغان، سىفلىس چىرمىغان
يۆتەل، ئىنجىقتىن هالى قالمىغان
ساختا - نەيرەڭنى خوي ئوخشىتىدىغان
بىر ئەۋلاد هامان.
ئەي باللار!
ئەي باهار يامغۇرى، ئۈمىد غۇنچىلىرى
سىلەر ئۈنۈمسىز هايات ئىپتىزىمىزغا چۈشكەن ئۈنۈمدار ئۇرۇق
سىلەر بىر غالىب ئەۋلاد بولىسىلەر. ئىشەنچىم تولۇق.

ئەرەبچىدىن يەتكىن تەرجىمىسى

## ئىزاھات:

[1] تىل - دەشنام سۆزىدىكى تىل دىن ياسالغان سۆز.
[2] شائىر بۇ يەردە 1967 - يىلى پارتلىغان 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن تەڭسىز «ئۇرۇش توختىتىش» كېلىشىمىنى ئىمزالىشى نەتىجىسىدە ئىسرائىلىيە كونتروللۇقىدىكى رايونلاردىن قېچىپ چىقىپ، ئۆي - ماكانسىز قالغان 500 مىڭغا يېقىن ئەرەب مۇساپىرلىرىنى تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.
[3] قۇرئان نەقلى
[4] سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە ۋە تائىف شەهەرلىرىنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب قەبىلىسى.
[5] سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە شەهىرىنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب قەبىلىسى.
[6] ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي بۆلىكىگە تارقاق يەرلەشكەن ئەرەب قەبىلىسى.
[7] پارس قولتۇقىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

# شېئىرلار

سابىرەم ئەنۋەرووا (قازاقىستان)

## مىلىك ئۆي

بەزىدە ئۇلار قەلبىمنى مۇجۇپ،
پەرىشان قىلار ئاجىز دىلىمنى.
بىر پەستە شۇندا يىراققا ئۇچۇپ...
كەتكۈم كېلىدۇ يۇمۇپ كۆزۈمنى.

بېشىمدا سانىمىڭ جاۋابسىز سوئال،
تۇتقۇنغا ئالار، تىرناپ جېنىمنى.
ئۆزۈمنى كۈچسىز سېزىمەن شۇ هال...
سۆرەپ يۈرگەندەك جانسىز تېنىمنى.

هاياتىم بولار بىردە تېپىشماق،
سانىمىڭ يول سىزىپ، تاللىغىن دەيدۇ.
ئالدىمغا قەدەم بولسام تاشلىماق،
ئىچىمدىن بىر ئۈن توختىغىن دەيدۇ.

چارچىدىم بەزەن، تىنتىلدىم ئىچتىن.
سىرتىمىدىن بىراق كۆرۈندۈم خۇشخۇي.
چېھرىمدە نىقاب، يۈرىكىم مىسكىن،
روهىي چۈشكۈنلۈك، بېشىمدا مىلىك ئۆي...

***

هە، ئۆمۈر قالتىس قىلىدۇ بوزەك،
دەيدىغۇ بۇنى«تەقدىرنىڭ شورى».
يۈرىسەن قاڭقىپ، بولىسەن پومزەك،
نىشانىڭ بولار ئۆلۈمنىڭ تورى.

## ئادەملەر يەر بىزنىڭ دەيدىغۇ

ئادەملەر يەر بىزنىڭ دەيدىغۇ،
شۇ يەرنى ياراتقان بەندىدەك.
ئىگە بوپ قالسىلا مەيلىغۇ...
هامان يەر قوينىغا ئالغۇدەك.

ئادەملەر يەر بىزنىڭ دەيدىغۇ،
پۇلىغا دۇنىيانى سالغۇدەك.
باقىغا ئىپ كەتسە مەيلىغۇ...
بايلىغى كەينىدە قالغۇدەك.

ئادەملەر يەر بىزنىڭ دەيدىغۇ،
ئاتامدىن مىراس بوپ قالدى دەپ.
كەڭ يەردە ياتسىلا مەيلىغۇ...
بىر پارچە يەرگىلا پاتقۇدەك.

ئادەملەر يەر بىزنىڭ دەيدىغۇ،
دېگەنلەر قۇپ-قۇرۇق كەتكۈدەك.
ۋاقتىدا چۈشەنسە مەيلىغۇ...
يەر ئەسلى هەممىگە يەتكۈدەك!

## كەچۈر مېنى...

ئاڭلىغاندا مۇڭ-زارىنى خەلقىمنىڭ،
مېنىڭمۇ بىل، پۇچۇلغىنى بەختىمنىڭ.
نېمە كۈن بۇ، نېمە ئازاب پۈتمىگەن؟!
ياشىماققا هەققى بارغۇ هەركىمنىڭ!

سىرتىم پۈتۈن، ئىچىم تۈتۈن، كۆيىدۇ،
كىملا بولسا، ئۆز خەلقىنى سۆيىدۇ.
مەن يۈرىمەن جۇدالىقتا سارغىيىپ،
دەرد -مۇڭۇمنى ئاللاھ ئىگەم بىلىدۇ.

قورسىقىم توق، كۆڭلۈم يېرىم بىراقتا،
ئاچ ياتىدۇ قېرىنداشىم يىراقتا...
تالادىكى ئىت -مۈشۈكنى كۆرگەنلەر،
كۆزگە ئىلماس بوپتەك بىزنى «ئۇ ياقتا».

قارا كۆزۈم يۈرگىدەكمىشكەن ياش تۆكۈپ،
كۆلەڭگىسى كۆرۈنگەندە بەك چۆچۈپ.
تۈندىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ دەيتتىغۇ ؟!
مېنىڭ كۈنۈم نەگە كەتتىڭ سەن كۆچۈپ؟

شۇنچىۋالا كىمگە قىلدۇق يامانلىق؟
تۇۋاق ئاستى تولۇپ-تاشقان هارامىلىق.
ياراتقاندىن ياردەم سوراپ دۇئامدا،
بار تىلەرىم سەۋر -تاقەت، ئامانلىق.

كۈلەي دەيمەن، كۈلەلمەيمەن ئېچىلىپ،
ناهەقلىقتىن يۈرەك -باغرىم ئېزىلىپ.
بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر بىر كۈنى...
تاڭ ئاتىدۇ، كۆكتىن نۇرلار چېچىلىپ.

يۈرىكىم تاش، يۇمشاق ياستۇق بېشىمدا،
كۆزۈمدە ياش، تامار ئىسسىق ئېشىمغا...
كەچۈر مېنى، كەچۈر بىزنى قېرىنداش،
قىينالغاندا بارالمىدۇق قېشىڭغا.

## كېمە

قاچانغىچە يۈرىمىزكىن بۆلۈنۈپ،
ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز يات كۆرۈنۈپ...
بىرىمىزنى ئىككىنچىمىز قوللىساق،
ئاسمان يەرگە چۈشەمدۇ يە ئۆرۈلۈپ؟!

چۈشەنمىدىم تاللىشىمىز نېمىنى؟
ئىككى ياققا تارتىپ قولۋاق، كېمىنى.
هەممىمىزلا بولساق دەيمىز كاپىتان،
ئاتاق-داڭقمۇ شۇندا بىزگە كېرىكى ؟!

ئۆزگىلەرنىڭ ئويى يەتمەك قىرغاققا،
هە، بەزىلەر ئاللىقاچان قىرغاقتا.
بىز يۈرىمىز يېتەلمەستىن تېخىچە،
دولقۇن بىزنى ئەكەتمەكتە يىراققا.

نېمىشكە بىز بىر بىر كېمىگە پاتمايمىز؟
قوش چوكىنى قاچان قولدىن تاشلايمىز؟
ئۇنىڭسىزمۇ ئاز ئەمەسقۇ دۈشمەنلەر،
قاچان بىللە، بىر مەقسەتتە ياشايمىز؟..



# ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاتاقلىق تەرغىباتچىسى ئابدۇراخمان شائىر*

(تارىخى ئەسلىمە)

مىر ئەھمەد سېيىت ھاجىم

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 -ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا تەۋە بىر ئەسىرلىك كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدا تەجەللى، ناقىس، ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس، سابىت ھاجى رۇزىمەت، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى(تەۋپىق)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ... قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر دېموكراتىك ئالىم، يازغۇچى-شائىرلىرىمىز، ئوت يۈرەك ئۇستازلىرىمىزنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمىز ۋە يۈكسەك پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تەرىپىنى ئالىمىز. شۇ قاتاردا ھەم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بايراقدارى ۋە قۇرغۇچىسى، ئۇلۇغ مەرىپەت كۆيچىسى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى(تەۋپىق)نىڭ ئەڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى، ۋە شاگىرتى شائىر ئابدۇراخمان چوڭخۇن ئوغلىنى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز.

ئابدۇراخمان چوڭخۇن ئوغلى 1912 - يىلى ئاتۇش شەھىرىگە تەۋە ئازاق يېزىسىنىڭ يۇقىرى ئىشتارچى(ئىبغىز تىلىمىزدا ئىشتاچى دېيىلىدۇ) كەنتىدە بىر دېھقان، قوشۇمچە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. چوڭخۇن ئۆز زامانىسىدىكى ئىلىمگە مايىل، تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئابدۇراخمان، ئابدۇرەھىم، ئابدۇكېرەم ۋە يۈسۈپاخۇن قاتارلىق تۆت ئوغۇل پەرزەنتىنى تەربىيەلەپ ئىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرغان. چوڭخۇن ئەينى يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، تەرەققىياتتا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئۇچرىتىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. ھەمدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بالىلىرىنى ئۆز يېزىسىدىكى ساۋات چىقىرىش مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىپ ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدە ئابدۇراخمان بىر قەدەر شوخ ۋە زېرەك بولۇپ ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان قىزىقىشى ئالاھىدە ئىدى. چوڭخۇن 1928 - يىللىرى ئاتۇش بىلەن قارا شەھەرنىڭ خاجىك ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىش جەريانىدا، مەلۇم ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە يەرلىشىپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئاخىرى ئائىلىسىنى قارا شەھەرگە كۆچۈرۈپ شۇ يەرگە رەسمىي ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئابدۇراخماننى شۇ يەردىكى ئاتاقلىق ئۆلىما ئابدۇكېرەم داموللامدىن دىنى ئىلىم ئېلىشقا ئاپىرىپ بىرىدۇ. ئابدۇراخمان بىر نەچچە يىل ئەرەب -پارس تىل-يېزىقلىرىنى ئۆگىنىپ ساۋاتىنى چىقىرىش ئارقىلىق مەلۇم سەۋىيەگە ئىگە بولىدۇ، ھەمدە ئوقۇغۇچى تالىپلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. كونا ئەنئەنىۋى دىنى مەكتەپلەردە قۇرئان كەرىمنى مەركەز قىلغان تۆرلۈك دەرسلىكلەر ئۆتۈلگەندىن باشقا يەنە ئەلشىر نەۋائىي ، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز... قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىر-غەزەل، مۇخەممەسلىرىنى ئوقۇش، يادا ئېلىشمۇ ئوقۇغۇچى-تالىپلار ئۈچۈن دەرسلىك ھەم قائىدە-ئەھكام ئىدى. ئابدۇراخمان ئەنە شۇ مۇھىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ دىنى ئىلىم سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئاشۇ كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىنى زور قىزىقىش ۋە ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ ھەم ئۆگىنىپ ، ئۆزىدە شېئىرى تالانتىنىڭ بىخ سۈرۈپ يېتىلىشىگە پۇختا ئاساس سالغان ئىدى.

30 - يىللاردا قوزغالغان قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ بوران -چاپقۇنلىرى قارا شەھەرگىمۇ يېتىپ كېلىپ، قەلبى ئويغاق، ئىدىيەسى ئىلغار،ئىنقىلابى ھېسسىياتقا ئىگە كىشىلەرگە زور 30 - يىللارنىڭ بېشىدا قوزغالغان قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى ئۆلكىمىزنىڭ جەنۇب -شىمالىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، دېھقانلارنىڭ جىڭ شۇ رىن مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەممە يېرىدە

* بۇ ماقالە «باغداش» توردى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان قىزى مەريەم خانىمنىڭ رازىلىقى بىلەن قايتىدىن ئېلان قىلىندى.

ئۈزلۈكسىز يېلىنجاشقا باشلىدى. ئۆزى ياشاۋاتقان زامان--ماكان نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بېرىۋاتقان ئابدۇراخماننىڭ قەلبىدە ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن چوڭقۇر قايغۇرۇش، خەلقنى نادانلىق، جاھالەت ۋە ئىستىبدات قانخور ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، زامانىۋى ئىلىم-پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈمىد -ئىستەكلەر كۆنسايىن ئۇلغىيىشقا باشلىدى، چۈنكى، دادىسى چوڭئاخۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا تىجارەت بىلەن چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، دائىم بالىلىرىغا ئۇ يەرلەردىكى تەرەققىياتلار، ئىلىم--پەن يېڭىلىقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى . ئوغۇللىرى ئىچىدە نىسبەتەن ھوشىيار بولغان ئابدۇراخماننىڭ ئېڭىدا دائىم ئاشۇ چەت ئەللەرنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ قالاق، بىچارە ھالىتى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى. 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاتۇش بىلەن قارا شەھەر ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكانى- ئاستىن ئاتۇشتا زامانىۋى، يېڭىچە پەننى مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش تەشۋىق - تەرغىبات ھەرىكىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم(تەۋپىق)نىڭ بۇ خىزمەتكە ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان خوش-خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان، خۇددى يۇقىتىپ قويغان نەرسىسىنى قايتا تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ قاتتىق ھاياجانلاندى. ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ دادىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ تولۇق رازىلىقىنى ئېلىپ، ئائىلە، بالا-چاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە قارا شەھەردىن ئايرىلىپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاستىن ئاتۇشنىڭ ئىشتارچى كەنتىدىكى قەدىم جايىغا كېلىپ ماكانلاشتى.

1934 - يىلى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى باشچىلىقىدا ئازاق يېزىسىنىڭ ئوك ئېرىق كەنتىدىكى بىر مەدرىسەدە[1] قىسقا مۇددەتلىك بىر دارىلمۇئەللىمىن يەنى، مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شائىر ئابدۇراخمان ئۆز يېزىسىدا قۇرۇلغان ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قارا شەھەردىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىلتىماسىنىڭ مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمگە يەتكۈزۈلۈپ، دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇشقا رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇلغانلىقىدىن ھاياجانلانغان شائىر، بۇ خوش-خەۋەرنى يەتكۈزگەن ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

—سىلەرگە رەھمەت، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن،— دەپ قايتا-قايتا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن دارىلمۇئەللىمىنگە بېرىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى قىلدى. شۇ تاپتا ئۆزىگە ئۇستاز بولىدىغان مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشۈش ئىستىكى ئۇنى تېخىمۇ ئالدىرىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكىگە مىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى ماكان تۇتقان قەدىمى يۇرت - مەشھەدنىڭ بازار بېشى مەھەللىسىگە جايلاشقان ۋاقىتلىق مەدەنىي - مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا يېتىپ كېلىپ، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشتى. ئابدۇراخمان ئۆزىگە ئۇستاز بولغۇسى بۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ قەددى-قامىتى، رەڭگى-روھى، كەمتەر ۋە ئىللىق مۇئامىلىسىگە قاراپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندى ۋە مەغرۇرلاندى. ئابدۇراخمان دىنى ئىلىمدە خېلى تەربىيەگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن تالىپ-مولىلارغا خاس سىلىق تەلەپپۇزدا سۆز ئالدى:

—ئۇلۇغ، ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەر ئۈچۈن باسقان قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئۇ، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ،— ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ ئەزىز يۇرتىمىزغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. مەن قارا شەھەردە يۇرتداشلاردىن ئۆزلىرى ھەققىدە ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي، ئۆزلىرى ئاچقان يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن كۆچۈپ كەلدىم، خۇدا نېسىپ قىلسا كامىل ئوقۇش ئارزۇيۇم بار، مەن ئىشتارچى كەنتىدىكى چوڭئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن، دادام ھازىر قارا شەھەر خاجىگىدا، مەن قارا شەھەردىن قايتىپ كېلىپلا يېزىمىزدىكى ئاتىلار ھەيئىتىگە سۇنغان ئىلتىماسىمنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن ماقۇللۇق تاپقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، رەھمەت- تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرەي دەپ ئالاھىدە كېلىشىم،— دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى ئۇ.

—ئىشلىرىمىزنى قوللىغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت ئىنىم،—دېدى ئەپەندىممۇ ئابدۇراخماننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، —خېلى يىراق يېزىدىن كەپسىز، تۇرقىڭىزدىن، گەپ-سۆزلىرىڭىزدىن بىلىم ئېلىش ئارزۇيىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكلۈكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، شۇ تاپتا ۋۇجۇدىڭىزدىن بىر خىل ئىشەنچ، جاسارەتنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئاۋۋال سىلەردەك قابىل ياشلارنى تەربىيەلەپ، سىلەر ئارقىلىق مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ياش- ئۆسمۈرلەرنى يېڭى مەكتەپ قوينىغا جەلپ قىلىش، ئوقۇتۇش، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئۆلكىمىزنىڭ جەنۇب-شىمالىدا ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنى نادانلىق، جاھالەت ئازابىدىن خالاس قىلىش. دېمەك، بىزنىڭ ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولۇشىمىز - ۋەتەن، مىللەت تەقدىرى ئۈچۈندۇر،— مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — كۆڭلىمىزگە پۈككەن شۇ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى رويابقا چىقىرىش ئىستىكى بىلەن بېلىمىزنى مەھكەم باغلاپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى دادىل ئېلىپ بارساق، ئىشىنىمەنكى خەيرلىك ئىشنىڭ نەتىجىسى چوقۇم خەيرلىك بولىدۇ. مانا سىز بىلىم ئېلىش ئىستىكى بىلەن قارا شەھەردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەپسىز، بۇمۇ ھەم سىز ۋە

بىزنىڭ ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن ناھايىتى شەرەپلىك چوڭ بىر ئىشقا ئۇل ھازىرلاشتا، چوڭقۇر تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكىمىزدىن بېشارەتتۇر.

مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئابدۇراخمان كۆڭلىدىكى ئوي-خىياللىرىنىڭ ئەپەندىمنىڭ دېگەنلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدىن شۇنداق ھاياجانلاندى:

—ئىنشائاللاھ، ئەپەندىم جانابلىرىنىڭ ئويلىغىنىدەك ئوقۇپ تەربىيەلىنىمەن، ۋە شۇ مەقسەتتە تىرىشىپ ئىشلەيمەن،—دېدى ئۇ مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمگە قاراپ چوڭقۇر ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن.

—بۇ پەقەت بىر باشلىنىش،—دېدى ئەپەندىم ئابدۇراخماننىڭ مۈرىسىگە ئوڭ قولى بىلەن يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ، — ھازىر 24 كەنتتە 24 مەكتەپ ئېچىش تەييارلىقى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ، يېقىنقى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە 24 ئورۇندا يېڭى مەكتەپ بىناسى دۇنياغا كېلىدۇ، سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاشۇ مەكتەپلەرگە تەقسىملىنىپ، مۇئەللىم بولىسىلەر. ئىش مانا شۇنداق، سىز خاتىرجەم ئۆيىڭىزگە قايتىپ تەييارلىقىڭىزنى قىلىڭ، خۇدا بۇيرىسا كېلەر ھەپتە ئوقتۇرۇش قىلىمىز، كېرەكلىك بىساتلىرىڭىزنى ئېلىپ ئوك ئېرىق مەدرىسىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرسىڭىز بولىدۇ.

ئابدۇراخمان چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن ئەپەندىمگە تىنىچ - ئامانلىق تىلەپ ئۆيىگە قايتتى. دەرۋەقە ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردىكى ئاتىلار ھەيئەتلىرى ئارقىلىق دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇشقا تىزىملاتقان ياشلارغا ئوقتۇرۇش قىلىندى، ئابدۇراخمانمۇ ھەم كېچىكمەستىن بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردى. دارىلمۇئەللىمىننى باشقۇرىدىغان كىشى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم، كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتىدىغانمۇ شۇ مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم بولۇپ، دارىلمۇئەللىمىننىڭ بارلىق خىزمىتىنى يالغۇز ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۆتىلىدىغان دەرسلىكلەر ئانا تىل، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، تەبىئەت، مىللەت تەربىيەسى، ناخشا، رەسىم، قول ھۈنەر كەسپى، ھەربىي مەشىق قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل گىمناستىكا تۈرلىرى، جۇشقۇن ناخشا-مارشلارغا ماسلاشتۇرۇپ مەش دەسسەش، پۇتبول قاتارلىق باشقا توپ تۈرلىرىمۇ دەرسلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئابدۇراخمان دارىلمۇئەللىمىنگە كىرگەندىن كېيىن پۈتۈن زېھنى بىلەن تىرىشتى، بۇ قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلەش كۇرسىنى غەنىيمەت بىلىپ كېچە - كۈندۈز دېمەي قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تىزلا كۆزگە چېلىقتى، تۈرلۈك پەن دەرسلىكلىرىدە باشتىن-ئاخىر ئەلاچى بولۇپ باھالىنىپ ئۇستازىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى. بىر جەھەتتىن ئۇستازى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم كۇرۇس جەريانىدا ئىجاد قىلىپ ئۆگەتكەن ناخشا، مارشلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ۋە ئۆگىنىپ، ھەر جەھەتتىن تونۇشى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ باردى، ھەمدە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىش جەريانىدا يېتىلگەن شېئىرى تالانتىنىڭ تۈرتكىسىدە، دەرسىدىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ شېئىر يېزىقچىلىقى بىلەن مەشغۇل بولدى، ئۇ ھەر قېتىم يازغان شېئىرىنى ئۇستازىغا كۆرسىتىپ پىكىرىنى ئالاتتى، ۋە ئۇنىڭ تەھرىرلىگىدىن ئۆتكۈزەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇستازى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمنىڭ ئىلىم-مەرىپەتنى، ئازادلىق - ھۆرلۈكنى، ئەدلى-ئادالەتنى مەدھىيەلەيدىغان مەزمۇنى چوڭقۇر، سىياسىي - ئىدىيەۋى پۇرىقى كۈچلۈك، ۋەتەن-مىللەتكە بولغان ساپ مېھىر-مۇھەببەت تۇيغۇلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاشۇ ئۆلمەس ناخشا-مارشلىرى، تەۋسىيە-نۇتۇقلىرىنىڭ تەسىرىدە بىر تۈركۈم نادىر شېئىر - غەزەللەرنى يېزىپ چىققان ئىدى.

ئالتە ئايلىق مۇئەللىم تەربىيەلەش كۇرسىمۇ غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. ۋاقىتلىق مەدەنىي - مائارىپ ئاقارتىش ئۇيۇشما ھەيئىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مۇئەللىملەر ھەر قايسى يېزا - كەنتلەرگە پىلانلىق تەقسىملەندى، يېڭى مۇئەللىملەر مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوڭئېرىقتىن باشلاپ ھەر-بىر يېزا، كەنتكە يېتىپ بارغاندا، شۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغان مۇئەللىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ مېڭىپ، لەڭگەر، مېيى، ئىشتارچى قاتارلىق يېزا - كەنتلەرنى ئايلىنىپ، تاكى ۋاق - ۋاق، كىچىكىزگە بارغاندا مۇئەللىملەر تەقسىماتى ئاخىرلاشتى، ئۇلار بۇ جەريانىدا ئۇستازى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئۆزى ئىشلەپ ئۆگەتكەن «بىز مۇئەللىم» دېگەن مارشنى ناغرا - سۇناي بارابانلارغا تەڭكەش قىلىپ، ھەربىيلەرگە خاس ھالدا پۇت - قوللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن توۋلاپ، خەلق ئاممىسىغا يېڭى مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ كۈچلۈك مەنىۋى روھ ئاتا قىلدى:

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئېرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.

ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز،

مەنبە بولدى ئېرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئېرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

ئابدۇراخمانمۇ كۇرۇسنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، ئازاق يېزىسىغا تەۋە مىيى كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر، ھەم باش مۇئەللىم بولۇپ بەلگىلەندى. بۇ مەكتەپتە ھەسەن ھاجى تالىپ، سايىم ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن ئەپەندى، يۈسۈپ ئاخۇن خەلپىتىم، مۇھەممەت ساۋۇر قاتارلىق مۇئەللىملەر بار بولۇپ، ئۇلار بىلەن ھەر قايسى جەھەتلەردىن تەك ھەمكارلىشىپ، ئۆز-ئارا ئۆگىنىش -ئۆگىتىش ئاساسىدا، يۈزلىگەن ئۆسمۈر-باللارنى مەكتەپ قوينىغا جەلپ قىلىپ داغدۇغۇلۇق ھالدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. يېڭىچە پەن ئوقۇتۇشىغا قارشى كونىلىق تەرەپدارلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، كەنت ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تەرتىپلىك، ساغلام ئېلىپ ماڭدى. ناھىيەلىك مائارىپ ھەيئىتىنىڭ پىلانى ۋە يولىيورۇقى بويىچە مۇئەللىملەرنى دادىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىشتىن سىرتقى كەچ كۇرۇس، يەنى ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى تەشكىللەپ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن ئەستايىدىل رەھبەرلىك قىلدى. نەتىجىدە ساۋات چىقىرىشقا تېگىشلىك ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلارنىڭ 70% - 80%- دىن كۆپرەكىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

1936 - يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا، مەجىددىن ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قەشقەر شەھەر ئىزچىلىرى ئاستىن ئاتۇشقا قىلغان زىيارەت سەپىرىدە، دەل ئابدۇراخمان شائىر ئورۇنلاشقان مىيى باشلانغۇچ مەكتىپىگە چۈشۈپ، بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق تاپىدۇ، ئابدۇراخمان شائىر باشلىق بارلىق مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلار، ھەممە تەرەققىيپەرۋەر يۇرت مۆتىۋەرلىرى، دېھقان ياشلار بىرلىكتە تەشكىللىنىپ، ئىزچى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە مول زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئېزىز مېھمانلار قاتارىدا كۈتۈۋالىدۇ. شائىر ئەنە شۇ زىياپەتتە «مەرھابا» دېگەن تېمىدا مۇنۇ غەزەلنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ:

مەرھابا مېھمانى ئىزچى ئارقاداشلار مەرھابا
خۇش كېلىپسىز يۇرتىمىزغا قەدىردانلار مەرھابا.

نەچچە ئون چاقىرىم پىيادە يول يۈرۈپ تاغلار ئېشىپ،
كەلدىڭىزلەر خۇش مۇبارەك شاد قەدەملەر مەرھابا.

بەختىيار،سىز شوخ ئېچىلغان يېڭى مەكتەپ گۈللىرى،
سىزگە ھىممەت يار بولسۇن قەلبداشلار مەرھابا.

ئەۋۋەلىدىن بىر بىر تىنىق بىر روھ بولۇپ كەلگەن ئىدۇق،
كەلدى ئېرپان يېڭى پۇرسەت شادىيانلار مەرھابا.

بىر نىيەتتە قول بېرىپ ئەيلەشكە گۈلزار ئۆلكىنى،
قوزغۇلۇپ بىز دەس تۇرايلى جانىجانلار مەرھابا.

ئابدۇراخمان يازدى نەزمە ئىزچى دوستلار شەنىگە،
بىلدۈرۈپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئېھتىراملار، مەرھابا.

1936 - يىلى 6 - ئاي

شائىر دېكلاماتسىيەنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، سورۇندا بىر ھازاغىچە ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمىدى، قەشقەر ئىزچىلىرى مەسئۇلى مەجىددىن ئەپەندى شائىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سەممىي ئېھتىرام بىلەن:

—بارىكاللا خۇش زابان[2] شائىر، ئاپىرىن سىزگە. ئاللاھ رازى بولسۇن، نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، سىزنىڭ شېئىر تالانتىڭىز، مەزمۇنغا باي غەزەل-مىسرالىرىڭىز شۇ تاپتا مېنى ئاجايىپ ئويغا سالدى، سىزنىڭ شېئىرىڭىز مېنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن سورۇن ئەھلىنىڭ چېھرىگە پۈتمەس خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئاتا قىلدى، — دەپ كېلىپ مىيى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئالاھىدە ماختىدى، شۇنداقلا ئابدۇراخمان شائىر باشلىق مۇئەللىملەرگە، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارغا، ھەممە ئاتىلار ھەيئىتى ئەزالىرىغا تەشەككۈر بىلدۈردى. شائىر شۇ يەردىلا مەجىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىلىرىغا:

—بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇستازىمىز مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمگە مەنسۇپ، بىز ئۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز،—دەپ ئارقىدىنلا مۇھەممەتئەلى ئەپەندىگە ئاتاپ يازغان تۆۋەندىكى غەزىلىنى ئاجايىپ تەنتەنە بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

بۈگۈن يۇرتقا يېتىپ خوشلۇق يېڭىچە يول بىلەن ماڭدۇق،
كېلىپ ھۆرلۈك بۇ مىللەتكە گويا چولپان كەبى ياندۇق.

مۇبارەكلەپ ئانا خەلقىم ئاپىرىن ئېيتتى بۇ دەۋرانغا،
مائارىپ، ئەل ئاقارتىش يولىدا كۆلگەن شۇ ئارمانغا.

ساۋاتسىزلىق بالاسىدىن قۇتۇلماق بىزگە قەرز بولدى،
جىمىكى ئەر-ئايالغا ئۆگىنىش ھەر جايدا پەرز بولدى.

ئاجايىپ بىر ماھارەت ساھىبى-تەۋپىق چىقىپ شۇ دەم،
قىلىپ تەشۋىقى-تەرغىبات خەلققە بولدىلەر ھەمدەم.

يىگىرمە تۆت ئورۇنغا سالدى يېڭى پەننى مەكتەپلەر،
ئايا، چاقماق كەبى تېز بولدى ھەرىكەت، تاپتى بەرىكەتلەر.

«مۇئەللىم بىز» دېگەن مارشنى ئوقۇشتۇق ھەممىمىز ياڭراق،
بولۇپ خۇرسەن جىمى خەلق ئالدى قوينىغا بولۇپ ئامراق.

مۇئەللىم بوپ تارالدۇق بەلگىلەنگەن كەنتلەرنى بويلاپ،
قىلىپ مەسئۇل بېكىتتى ھەر ئورۇنغا ياخشىدىن تاللاپ.

كى مەنمۇ بەلگىلەندىم مىيى مەكتەپكە بولۇپ مەسئۇل،
سۆيۈندى ئابدۇراخمانمۇ بۇ تەقسىمنى كۆرۈپ مەقبۇل.
1935 - يىلى1 - ئاي

مەجىددىن ئەپەندى[3] باشلىق قەشقەر ئىزچىلىرى ئابدۇراخمان شائىرنىڭ بۇ غەزىلى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئالقىش-سادالىرىنى ياغدۇردى. مەجىددىن ئەپەندى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ تۈركىيەدىكى تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

—مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئوغلى، ئىسمى-جىسمىغا لايىق تەۋپىق،—دەپ سۆيۈنۈش بىلەن ماختىدى. قەشقەر ئىزچىلىرى شۇ كۈنى مېيى مەكتەپتە قونۇپ، ئەتىسى مەشھەدكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەشقەرنىڭ باشقا ناھىيەلىرى، جۈملىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىمۇ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، كېڭەيتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ-دە ،مۇشۇ پىلان بويىچە ھەممىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپچى مۇھەممەت ئىمىن سوپىزادىنىڭ تەلىپى بىلەن 1935 - يىلى يازدا ئۆزىنىڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچىسى، قابىل مەسلىھەتچىسى، مېيى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىر ھەم باش مۇئەللىملىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى ئاقسۇغا مەرىپەت تەشۋىقات--تەرغىباتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئۇلارنى ئاقسۇنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدىكى مېھرى خېنىمنىڭ بېغىدا، شۇ چاغدىكى ئاقسۇ مائارىپىنىڭ مەسئۇلى موللا مۇھەممەت ھاجى، مەھمۇد ئەپەندى، مۇھەممەت ئىمىن سوپىزادە قاتارلىق كىشىلەر قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئاقسۇدا قىسقا مۇددەت تۇرۇپ «مەرىپەت مارشى»، «ئىزچىلار مارشى»، «تۇر ئەمدى ئاداش» قاتارلىق قوزغىتىش ۋە ئويغىتىش كۈچىگە باي ناخشا-مارشلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاتۇشتا يېڭى مائارىپنىڭ قانداق ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار بىلەن يولغا قويۇلغانلىقى، قانداق زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە، ئەتراپلىق ۋە جانلىق تەشۋىقى-تەرغىباتنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى زىل-زىلزىلىگە كەلتۈردى. مۇھەممەت ئىمىن سوپىزادە مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئاچقان «مۇئەللىم تەربىيەلەش كۇرسى» غا قىزىقتى، ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن ئىلھاملىنىپ، شۇ يىلىلا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قۇرۇپ، بۇ مەكتەپكە ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئابدۇراخمان شائىر باشلىق ياش مۇئەللىملەرنىڭ كۈچلۈك تەرغىباتى ۋە ئاقسۇ جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن ئاۋاز قوشۇشى، بولۇپمۇ خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ۋالى نىياز شىرىپىنىڭ قوللاپ--قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە يېڭىچە پەننى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. يەنى ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە «تۆمۈر غازىئاتا» مەكتىپى، ئاقسۇ، كونىشەھەردە «نىيازىيە»، «ئىسمائىلىيە»، «يۈنۈسىي»، «سادىقىيە» مەكتەپلىرى، ئۈچتۇرپاندا «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئاببباسىيە» مەكتەپلىرى، بايدا «ئىقبالىيە»، توخسۇدا «ساباھ»، كەلپىندە «ھەمىدىيە»، ئاۋاتتا «گۈلشەن» نامى بىلەن مەكتەپلەر ئارقا-ئارقىدىن قەد كۆتۈرۈپ مىڭلىغان ياش--ئۆسمۈر بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئالدى. دېمەك، ئابدۇراخمان شائىر يېتەكچىلىكىدىكى ئون نەچچە نەپەر مۇئەللىمنىڭ پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى قاپلىغان قىسقا مۇددەتلىك مائارىپ تەشۋىقى-تەرغىبات ھەرىكىتى ئاجايىپ زور ئۈنۈم بىلەن نەتىجىلەنگەن ئىدى. ئابدۇراخمان شائىر باشچىلىقىدىكى ياش مۇئەللىملەر ئاقسۇدىكى بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ، ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئۆزى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ۋە ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىگە يۈكسەك تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتتى...

1935 - يىلى 9 - ئايلاردا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل رەھبەرلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى 40 نەپەر ئىزچى[4] قەشقەر شەھىرىگە «مىللەت باغچىسى»غا ئۇل بېسىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن باردۇق. مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى بىز 40 نەپەر ئىزچىدىن سىرت ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئابدۇراخمان شائىر باشلىق بىر-نەچچە مۇئەللىمنىمۇ بىرگە ئېلىۋالغان ئىدى. بۇ يەردە مەھمۇت مۇھىتى باشلىق ئابدۇكېرەمخان مەخسۇم، مەجىددىن ئەپەندى، مەھمۇد نەدىم، ئەھمەد پەرد ئابباس ۋە قەشقەر مائارىپىنىڭ يېتەكچىلىرى، قەشقەر سانايىي نەپىسە مۇدىرى نامان ئەپەندى، ھەممە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىزچىلىرى ھەيۋەتلىك، جۇشقۇن مارش سادالىرى بىلەن باغچىغا كىرىپ كەلگەن مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى، ۋە زىياپەت بەردى. زىياپەتتىن كېيىن قەشقەر ئىزچىلىرى بىلەن ئاتۇش ئىزچىلىرى ئىككى تەرەپتە خۇددى ھەربىيلەردەك سەپ ياساپ قاتار تىزىلىپ تۇردى، مەھمۇت مۇھىتى ئاۋۋال ئۇل بېسىپ بەرگەندىن كېيىن باشقا رەھبەرلەر، ئۇستازلار ۋە ئىزچىلار زور قىزغىنلىق بىلەن ئۇل بېسىشقا قاتناشتى، باغچىغا ئۇل بېسىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى يېڭىدىن قۇرۇلىۋاتقان «مىللەت باغچىسى»نىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆز قىلدى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل رەھبەرلىرىمۇ سۆز قىلدى. تەكلىپكە ئاساسەن مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى نۇتۇق سۆزلەپ بارلىق مۇراسىم ئەھلىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى. مەھمۇت مۇھىتى بىلەن مەجىددىن ئەپەندى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

—سىز ئىسمى - جىسمىغا لايىق ۋەتەن بالىسى، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ۋىجدان ئىگىسى، ئوت يۈرەك يىگىت، ئۆتكۈر پىكىرلىك ناتىق، بىز سىزدىن پەخىرلىنىمىز، تېخىمۇ جاسارەت بىلەن ئىشلەڭ،—دېيىشتى كۈچلۈك پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن. ئاندىن مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بويىچە ئابدۇراخمان شائىر سەھنىگە چىقتى:

بەھەمدۇللا[5] بۇ مەكتەپ ئاچىلىبان گۈل ئۇزار بولدى،
زۇھۇر[6] ئەيلەپ قۇياشتەك نۇرى مىللەت ئاشكار بولدى.

بۇ مىللەت بېشىغا چۈشكەن ئىدى دەھشەت قارا كۈنلەر،
تۈپەيلىڭدىن سېنىڭكى ئەي زەھى[7] خۇش رۇزگار[8]بولدى

بۈگۈن سەن ئۆلكە باغىدا ئېچىلغان لالە-گۈل مەھمۇت،
ئۇلۇغ نام-شۆھرىتىڭ بىرلە كۆڭۈللەر شادىبار[9] بولدى.

بۇ نېئمەت قولغا كەلدى نەچچە مىڭ جانلار بېرىپ قۇربان،
كېتىپ زۇلمەت زىمىستانى بۈگۈن ھۆرىيەت باھار بولدى.

ھەممە جايدا قۇرۇلدى بۇ مائارىپ مەكتىپى روشەن،
قاراڭغۇ كېچىدە قالغان ئىدۇق ئەمدى نەھار[10] بولدى.

ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ھىممەت كەمەرىدە بىلىن باغلاپ،
تۈلۈن ئەيلەپ قۇمۇلدىن بىزگە بىر ئاپتاپ نىسار[11] بولدى.

ئېتى غۇجامنىياز ھاجى، مۇجاھىت[12] قەھرىمان غازى،
چىقىپ ئەردى بۇ زات، دۈشمەن يۈرەگى پار-پار بولدى.

ئاسارەت زەنجىرى قول-پۇتىمىزغا باغلاقلىق ئەردى،
بۇ زاتنىڭ قۇدرىتىدىن ئۈشبۇ زەنجىر تارىمار بولدى.

سېنىڭ ۋەسپىڭنى[13] يازدى، ئابدۇراخمان ئاتۇش ئىشتارچى،
بولۇپ خادىم[14] بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە بى قارار بولدى.

1935 - يىلى 9 - ئاي

شائىرنىڭ بۇ غەزىلى ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ ئالقىش-چاۋاك ساداسى مەيداننى بىر ئالدى، مەھمۇت مۇھىتىمۇ ھاياجان ئىلكىدە شائىرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭ شائىرلىق تالانتىغا يۇقىرى باھا بەردى، ئەنە شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ھەممەيلەن ئۇنى پەخىرلىنىش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىدا «ئابدۇراخمان شائىر»، «شائىر ئەپەندى» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئاتايدىغان بولدى. شۇ كۈنكى «مىللەت باغچىسى» غا ئۇل بېسىش مۇراسىمىنىڭ بارلىق كۈن تەرتىپلىرى ئاخىرلىشىپ، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئىزچىلارنى باشلاپ نوبېشى مەكتىپىگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، مەيداندىكى بارلىق ئامما ئاتۇش ئىزچىلىرىنىڭ بىر ناخشا ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىز جۇشقۇن ھەربىي ھالەتتە سەپكە تىزىلىپ ھازىر بولدۇق، ۋە مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا چىقىپ دىرىژورلۇق قىلىشى بىلەن ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلىپ بىزگە ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى ناخشىنى ھەيۋەت جاراڭلىق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئورۇنلىدۇق:

قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جېنىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزىڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكى نامىمىز.
يارۇ-ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ-شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز.

ساۋاقداشىمىز قۇربان جاپپار يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى بولۇپ «چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان» دېگەن مىسرانى ئەۋجىگە چىقىرىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتقاندىن كېيىن، مەن(مۇئەللىپ)، ئابدۇل ۋارىس، سەلەي مەھمۇدى ئۈچىمىز ئاخىرقى مىسرانى ئوقۇپ تاماملىدۇق. يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلانغان بۇ ناخشا پۈتكۈل باغچىنى لەرزىگە سالغان بولۇپ، ھەتتا باغچە ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرمۇ توپ-توپى بىلەن كېلىشىپ، كۈچلۈك ھاياجان ۋە ھەۋەس بىلەن ئاڭلىغان، ۋە تەھسىن-ئاپىرىن سادالىرىنى ياغدۇرۇشقان ئىدى. «مىللەت باغچىسى»غا ئۇل بېسىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان كەچلىك ئويۇننى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن بىز نەي-بارىبانلىرىمىزنى ياڭرىتىپ، ئۇستازىمىز مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان يەنە بىر ناخشا «ئېرپان كۈنلىرى»نى جاراڭلىق ئوقۇپ، چۈشكەن جايىمىز - نوبېشى مەكتىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق...

1936 - يىلى باش كۈزدە، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق بىر قانچە مۇئەللىمنى ئۆز-ئىچىگە ئالغان 40 نەپەر ئىزچىنى باشلاپ ئاتۇش مەشھەتتىن يولغا چىقىپ، قۇم سېغىر ئارقىلىق پەيزاۋات، يېڭى شەھەر، يېڭىسار، ئوپال، تاشمىلىق، توققۇزاق... قاتارلىق ناھىيە يېزىلارنى ئايلىنىپ ئېلىپ بارغان، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تارىخىدىكى چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىجتىمائىي تەسىرى ئالاھىدە زور بولغان بىر قېتىملىق ئىلغار مەرىپەتچىلىك تەشۋىقاتى مەركەز قىلىنغان ساياھەت سەپىرىدە بىز، ئاخىرىقى بېكەت – قەشقەر شەھىرىدە بىر-نەچچە كۈن تۇردۇق. بۇ جەرياندا بىز شەھەر ئىچىدىكى بىر قانچە مەكتەپتە زىيارەتتە بولۇپ تەجرىبە ئالماشتۇردۇق، ھەمدە مەكتەپ ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ يىغىن-زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۈتۈۋېلىشىغا نائىل بولدۇق. ئۇزاق سەپەرلەرنى بېسىپ زور ئۇتۇقلار بىلەن قايتىپ كەلگەن بۇ مەرىپەت جەڭچىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى مەھمۇت مۇھىتىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى، ۋە شەرىپىمىزگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاتۇشتىكى يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. شۇنداقلا بۇ جەھەتتە مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئوينىغان رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈكسەك جاسارىتىگە، ئەقىل پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى.مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمۇ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتۇشنىڭ مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بەرگەنلىكىگە پۈتۈن ئاتۇش خەلقى نامىدىن رەھمەت-تەشەككۈرلەر بىلدۈرۈپ ئۆتتى. ئەنە شۇ زىياپەتتە

ئابدۇراخمان شائىرمۇ مەھمۇت مۇھىتىغا ئاتاپ يازغان تۆۋەندىكى مۇخەممىسىنى دېكلاماتسىيە قىلغان ئىدى:

سانا[15] خالىققا[16] بولسۇنكى ئەدەمدىن[17] ئەيلىدى مەۋجۇت،
بەنى ئادەم ياراتىپ ھەم شىپى قىلدى ئەنى مەھمۇد،
تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان خۇدا دەرگاھىدىن مەردۇد[18]،
بىرسى ئۆزگە ئەردى مۇھەممەت مۇستافا مەخسۇت[19]،
مۇھەممەت ئۈممىتىدىن چىقتى تۇرپاندىن ئۇشۇل مەھمۇت.

نەيچە يىلدىن بېرى زۇلمەتتە ئەردى ھەم بولۇپ ۋەيران،
بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلماققا تۆمەنمىڭ جان بېرىپ قۇربان،
يېتىپ خارلىق، جاھالەت زەنجىرىدە ھەم بولۇپ سەرسان،
تاپالماستىن شىپا دەردكە ، بۇ مىللەت بولدى كۆپ ۋەيران،
چىقىپ ئەل بەختىگە شۇ دەم پاناھ بولدى بۆگۈن مەھمۇد.

ئايا ئەي شاھى ئادىل جۆملىمىزنى[20] ئەل-ئامان قىلدىڭ،
مائارىپ-مەكتىپىنى تەربىيەت ئەيلەپ راۋان قىلدىڭ،
بۇ مىللەت يولىدا دەريانى نىلدەك قان راۋان قىلدىڭ،
نەتىجىسىگە بۇ قاننىڭ ئىلمۇ-ھىكمەتنى ئايان قىلدىڭ،
ئېچىپ بەردىڭ بۆگۈن دارىلفۇنۇندىن بىزگە، يول مەھمۇت.

سىنىڭ ۋەسپىڭنى ئېيتتى بۇ كىشى بۇلبۇل سۇخەنداندۇر[21]،
ئاتاسىدۇر چوڭاخۇن، شائىر ئىسمى ئابدۇراخماندۇر،
قەسەمكى بۇ مائارىپ يولىدا گوياكى پەرۋاندۇر[22]،
سىپاتىڭنى قىلىپ تەرىپ ئۇشۇل نەزمىنى يازغاندۇر،
ئۆمۈددۇركى ھوزۇرۇڭدا قوبۇل بولغاي سۆزۈم مەھمۇد.

1936 - يىلى 10 - ئاي

شائىر بۇ مۇخەممەسنى مەغرۇر ھېسسىيات بىلەن شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك ۋە جۇشقۇن دېكلاماتسىيە قىلدىكى پوتكۇل مۇراسىم ئەھلى قاتتىق ھاياجانلاندى. بۇ ياش تالانت ئىگىسىنىڭ مەنەغا باي، مەزمۇنى چوڭقۇر، كۆچلۈك ئىنقىلاۋى ھېسسىياتقا تولغان شېئىرى مىسرالىرىنى ئاجايىپ زوقمەنلىك بىلەن ئەستايىدىل بېرىلىپ ئاڭلىغان مەھمۇد مۇھىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ شائىرغا ئالاھىدە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، پېشانىسىگە سۆيدى، ۋە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

—بارىكالla ئوغلۇم، غەيرەت ھىممىتىڭگە رەھمەت، مەن بۇ قەدەر مەدھىيەلەشكە لايىق ئەمەسمەن، ئەمما سېنىڭ شېئىرىڭ جىسمىمغا يېڭىچە روھ ئاتا قىلدى، ناھايىتى جانلاندىم. ئاللاھ ئەجىر-ئىزىم بەرسۇن، مۇرادىڭ ھاسىل بولسۇن، سىلەرنىڭ مائارىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىڭلار گۈللەپ راۋاجلانسۇن. سىلەرنى مۇشۇنداق قابىل، تالانتلىق قىلىپ تەربىيەلىگەن مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمگە كۆپ رەھمەت. مەن سىلەرنىڭ مائارىپ-مەكتەپ ئىشلىرىڭلارنى قەتئىي قوللايمەن، كۈچۈمنىڭ يارىچە مەدەت بېرىمەن — دەپ، ياش شائىرغا روھى جەھەتتىن مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. دەل مۇشۇ مىنۇتلاردا مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمۇ ئۆزى بىۋاستە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ ياش شائىرغا بولغان زوقمەنلىك ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن، يېنىدىكىلەرگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى...

1937 - يىلى ئەتىياز. 4 - ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدىغان بىر جۈمە كۈنى، ئاستىن ئاتۇشنىڭ مەشھەت كەنتىگە تەۋە قۇمباغ مەھەللىسىگە جايلاشقان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر سىنىپىدا، ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرىنىڭ توپلانتى(يىغىن) بولۇپ ئۆتتى.بۇ توپلانتىدا ئاساسەن ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ 15 كۈنلۈك ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەھۋالى خۇلاسە قىلىناتتى، مۇئەللىملەر ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى، ئوقۇتۇش مېتودى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشاتتى، ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىلغار، پايدىلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ كەڭ-كۇشادە پىكىرلىشەتتى. بۇ تۆردىكى يىغىنغا يەنىلا مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. بۈگۈنمۇ ھەم شۇنداق بولدى. ئاخىرىدا ئەپەندىم 15 كۈنلۈك ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى بىر قۇر خۇلاسە قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قاراپ:

—مەن ئاخشام ئىنتايىن غەلىتە بىر چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، سۆزلەپ بېرەي، سىلەر تەبىر بېرىپ بېقىڭلار. شۇ تاپتا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى، چۈنكى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبەرلىرى ئىچىدە پەقەت يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغىلا ھەر قانداق چۈشكە توغرا تەبىر بېرىش خىسلىتىنى ئاتا قىلغان ئىكەن،— ئۇ بىر نەچچە سىكونت تۇرۇۋېلىپ چۈشىنى بايان قىلدى،— چۈشۈمدە بىر تۆگە مېنى ئالدىغا سېلىپ مەكتەپ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، سەن سىنىپتىكى قىزلاردىن بىرىنى ئېلىپ چىقىپ بېرىسەن دېدى، مەن ئەلپازى يامان بۇ تۆگىدىن قورقۇپ، دەرھال بىر قىزنى ئېلىپ چىقىپ بەردىم-دە، شۇ ھامان ئويغىنىپ كەتتىم...

سىنىپ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ئۇستازىنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغان مۇئەللىملەر ئۈن چىقارماستىن بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشاتتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بىر مۇئەللىم:

—ئەپەندىم، مېنىڭچە بۇ بىر ھېچقانچە قورقۇنچلۇق چۈش ئەمەسكەن، ئۇنداق ئويلىنىپ كەتكۈدەك،—دېدى. ئەپەندىم بۇ مۇئەللىمنىڭ كۆڭۈل ياساپ ئەتەي شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە:

—مېنىڭچە بۇ چۈشتە بىر گەپ بار، كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلىۋاتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى سىلەر كۆڭۈل ياسىماي، ئەركىن-ئازادىلىك بىلەن ئوچۇق-يورۇق تەبىر بېرىپ بېقىڭلار، قېنى سىز بىر تەبىر بېرىپ بېقىڭە شائىر،—دەپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئابدۇراخمان شائىرغا ئىشارە قىلدى. مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى ئىلگىرى ئابدۇراخمان شائىرنىڭ نامى بار داڭلىق ئۆلىمالاردىن دىنى ئىلىم ئالغانلىقىنى، كۆپلىگەن دىنى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى، شۇڭا بۇ جەھەتتىمۇ خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئابدۇراخمان شائىر تۇيۇقسىز ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئەندىكىپ كەتتى، ۋە ئۇستازىغا قارىدى. چۈش تەبىرىگە دائىر ئوقۇغان-بىلگەنلىرىگە ئاساسەن، ئۇستازى كۆرگەن چۈشكە بېرىلىدىغان تەبىرمۇ ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىگە روشەن ئىدى، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. چۈنكى، چۈش ياخشى-يامان دەپ ئايرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، چۈش تەبىرىگە قارىتا قارشى تەرەپنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئويلىنىپ بىر نىمە دېيىش كېرەك، بۇ تەرىپىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. چۈش كۆرگەن ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزى كۆرگەن چۈشنىڭ ھامان خەيرلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ تاپتا شائىرمۇ ئۇستازى كۆرگەن ئاشۇ قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى نە-قەدەر ئارزۇ قىلىدۇ-ھە؟. بىراق بۇ چۈشنىڭ تەبىرى، ئەكسىچە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ...

ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئابدۇراخمان شائىردە ئىدى. ئۇستازىمۇ «قېنى سۆزلەڭ، بۇ چۈشۈمنىڭ توغرا تەبىرىنى سىزدىن كۈتىۋاتىمەن» دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. شائىر ئېغىر سۈكۈناتتىن كېيىن ئىنتايىن تەسلىكتە ئېغىز ئاچتى:

—ئۆزلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭغان تۆگە-ئەزرائىل، ئۆزلىرى ئېلىپ چىقىپ بەرگەن قىز-ئادەمنىڭ جېنىمىكىن دەپ ئويلايمەن، ئەمما چۈشنىڭ ھەممىسىنىڭلا رېئاللىققا ئايلىنىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەھەردە كۆرگەن بۇنداق چۈشنى چۈشنىڭ «پوقى» دەيدۇ كونىلار، شۇڭا ئارتۇقچە غەم - ئەندىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن،— دېدى ئۇ.

ئابدۇراخماننىڭ چىرايىدىكى بىلىنە-بىلىنمەس بىر خىل مەيۈسلۈك ئالامىتىنى سېزىپ قالغان مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىم دەرھال:

—توغرا ئېيتتىڭىز، تەبىرىڭىزدىن قانائەتلەندىم، ئەمما چۈشنىڭ ئوڭغا تارتىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىغۇ، شۇڭا مەن بۇ چۈش ئۈچۈن ئانچە قايغۇرۇپ كەتمەيمەن،—ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان مۇئەللىملەرنىڭ روھى-ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئازادە كەيپىياتتا سۆزىنى داۋام ئەتتى،—ھەممىمىزنىڭ جېنى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. ھاياتلا بولىدىكەنمىز تۇرمۇشتا ئۇنداق-مۇنداق غەم-ئەندىشىلەردىن خالى بولماق تەس. سىلەرگە دەپ بەرسەم بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ۋەزىر-ۋۇزىرالىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۆزى ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان شۇنچە قۇدرەتلىك پادىشاھ بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر غەم-ئەندىشىدىن نېرى بولالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ:

جىمى ئالەم مېنىڭ تۇرسا،
غەمىم كەتمەس، نەدىندۇر23 بۇ؟

دەپ، يۇقىرىقى ئىككى مىسرا بېيىتنى ئوقۇغان ئىكەن، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئارىسىدىكى دانىشمەن، پاراسەتلىكرەك بىرى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

ئەزەلى غەم تۇپاسىدىن،
بىنا بولغان بەدەندۇر بۇ!

—دەپ جاۋاپ بەرگەنىكەن. دېمەك، يۇقىرىقى سوئال - جاۋابتىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدىكى، دۇنيادا غەم-ئەندىشىدىن خالى ئىنسان بولمايدۇ، لايىقىدا غەم--ئەندىشىسى بولمىغان، توختام سۇدەك تىپ-تىنچ ئۆتكەن تۇرمۇشنىڭمۇ تەمى ھەم مەنىسى بولماس. ئويلاپ كۆرسەم مەندىكى غەم بىرلا—ۋەتەن، مىللەت غېمى، ئۇندىن باشقا ئارتۇقچە غېمىممۇ يوقكەن—،ئۇ ئېغىر بىر تىن ئالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— بىلىپ تۇرۇپتىمىز ھازىر ۋەزىيەت داۋالغۇپ قالدى، بىزگە نىسبەتەن مۇشۇنداق شارائىتتا ۋەتەن-مىللەتنىڭ غېمىنى يەپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققانلارنىڭ ھاياتى خەۋپ -خەتەردىن خالى بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. «كىم بولسا ۋەتەنپەرۋەر بىر كۈن ئېسىلۇر دارغا». ئاخىر ھەممىمىز ئۆلىمىز. ئەمما، قاچان ۋە قەيەردە، قانداق ئۆلۈشىمىز بىرلا ياراتقان ئىگىسىگە مەلۇم. شۇڭا ئېيتىمەنكى ۋەتەن-مىللەتنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئاخىرقى ھېسابتا ئالتە پۇللۇق بىر تال ئوق بىلەن مۇكاپاتلانسام - بۇ مەن ئۈچۈن زور شان - شەرەپ، —ئۇ ئاز كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئېپتىخارلىق بىلەن مۇئەللىملەرگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى — سىلەر ،ھەم سىلەر باشلىق مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان يېڭى ئىزباسارلار، ياش - ئەۋلادلار مېنىڭ بۇ ھەققانىي ئىشلىرىمنىڭ ۋارىسلىرى، داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى ھامان خاتىرجەم ھېس قىلىمەن، ئەمما ھازىر ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ ئىشپىيون - جاسۇسلىرى ئۆزىچە جىددىيلىشىپ، كېچە -كۈندۈز ئۇخلىماستىن ئۆيمۇ-ئۆي قاتراپ جەمئىيەتتە ئورنى بار، نوپۇزلۇق كىشىلىرىمىزنى تۇتماقتا، ياكى تەقىپ-نازارەت ئاستىغا ئالماقتا. بەلكىم بەزىلىرىڭلار مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئەگەشكۈچى بولۇپ قېلىشىڭلار، ياكى شۇ گۇمان دائىرىسىگە كىرىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن، شۇڭا ھوشيارلىقىڭلارنى ئاشۇرۇپ ھەر ھالدا پەخەس بولۇڭلار. ئەڭ مۇھىمى ئۈمىدۋار بولۇڭلار، ھەقىقىي ئادەم بالىسى ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ، ئۈمىدسىزلىك شەيتانغا خاستۇر. ھەر قايسىڭلارنىڭ قەيسەر ئىرادەڭلارنى قىلچە بوشاشتۇرماستىن ۋەتەن - مىللەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن، ئۆز بۇرچۇڭلارنى ئاداققىچە ئاتقۇرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى تۆۋەندىكى شېئىرى خىتاب بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى:

بۇ نە غەم بۇدا كېتەر،
ئويلىسا ھېچ بۇدا كېتەر.
تازا بول، قورقما، چېلىش،
زادى ھايات بۇدا كېتەر.
ئۆلمەيىن قالسام ھايات،
بۇمۇ ھەم تۈگەپ كېتەر.

مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ سۆزى(نۇتقى) نىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يىغىننىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن جىددىي ۋە سۈرلۈك تۈس ئالدى، يۈزلەر ھاياجاندىن قىزىرىپ، جۈپ كۆزلەر تېخىمۇ نۇرلىنىپ، گويا ئوت

چاقناپ كەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا ياش مۇئەللىملەرنىڭ تومۇرىدىكى ئىسسىق قانلار كۆۋەجەپ، جىسمىدا تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلماقتا ئىدى، باشتىن - ئاخىر يىغىننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن شائىرنىڭ قەلەم تۇلپارى قەغەز يۈزىنى كېزىپ توختىماستىن چاپاتتى، ئۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان بارلىق مۇئەللىملەرگە ۋاكالىتەن، ئۇستازىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى قەلبىدە تەستىقلاپ، قەغەز يۈزىدە بولسا يالقۇنلۇق مىسرالارنى تىزىپ چىققان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن مۇنۇ مىسرالارنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

كۆيۈمچان ئوت يۈرەك باغۋەن ئۇلۇغ ئۇستازىمىز بىزنىڭ،
يۈرەكتە مەڭگۈ پارلايدۇ ئەقىدە - مېھرىڭىز سىزنىڭ.

كى غەمدىن تىز خالاس بولدۇق، كۆڭۈلدە قالمىدى غەشلىك،
ۋەتەن، مىللەت باھارىغا سۇقار پاك قەلبىمىز بىزنىڭ.

ئۆگەتكەنسىز «ۋەتەن ئەلنى سۆيۈش ھەر كىمگە بۇرچىدۇر»دەپ،
شۇڭا سىزنى قىلىپ ئۈلگە داۋاملاش ئەھدىمىز بىزنىڭ.

كۈرەشكە بەلنى چىڭ باغلاپ ، تۇساقلارنى بۆسۈ پ تاشلاپ،
ئىلىم-ئېرپان يۇلىن بويلاپ مېڭىش چىن قەرزىمىز بىزنىڭ.

مەگەر شۇم قاغا-قۇزغۇنلار خازان قىلسا باھارىمنى،
پىدا ئەيلەپ بۇ جانلارنى يۇقاتماق شەرتىمىز بىزنىڭ.

قەسەم بەر، ئابدۇراخمان سەن چېۋەر ئۇستاز ھوزۇرىدا،
ۋەتەن، مىللەت ئۈمىدىنى ئورۇنداش ۋەدىمىز بىزنىڭ.

1937 -يىلى 4 - ئاي

ئابدۇراخمان شائىرنىڭ بۇ شېئىرى يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان بارلىق مۇئەللىملەرنىڭ يۈرەك سۆزى، يەنى كۆز ئالدىدىكى قەدىردان ئۇستازىغا بەرگەن تەنتەنىلىك قەسىمى، ۋەدىنامىسى ئىدى. شۇڭا شائىرنىڭ دېكلاماتسىيەسى ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن بىردەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆررا تووۋلىشىپ، چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى يۈكسەك ئېپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئابدۇراخمان شائىرنى چىڭ قۇچاقلىدى، ۋە:

—ئەزىمەت شائىر...ئەزىمەت شائىر — دېدى پىچىرلاپ تىترەك ئاۋاز بىلەن. بۇ قېتىمقى يىغىن ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلماس مەنزىرىلەرنى قەلبلەرگە مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرە سۈپىتىدە نەقىشلەپ ئاخىرلاشتى، ئەمما ھېچ كىم بۇ يىغىنىنىڭ، ئاشۇ خىلدىكى ئەھمىيەتلىك يىغىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى...

دەرۋەقە 1937 -يىلى 5 -ئاينىڭ 4 -كۈنى(سەيشەنبە) ئەتىگەندە ئەمدىلا ئىش ئورنىغا كېلىپ تۇرغان مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۇبۇلقاسىم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ قولغا ئېلىنىشى، قانخور شىڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، غوللۇق، ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملىرىنى بىر تۇتاش قىرىپ تاشلاپ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى تېزلىك بىلەن يوق قىلىپ، بۇ مىللەتنى بىر مەزگىل باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە قوزغىغان ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇناپىق قادىر ھاجىنىڭ شەخسى ئاداۋىتىمۇ بۇ ئىشتا قوشۇمچە رول ئوينىغان ئىدى. مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى تۈرمىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتكۈل ئاتۇشنى قاپلىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى سۇسلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن مەشھەتتىكى ئىككى سىنىپلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىدىن مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن ئەپەندى، ئابدۇراخمان شائىر، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىنىسى لىۋايىدىن قارى، تىجەنلىك موللا ئېزىز داموللامنىڭ ئوغلى ئەھمەت مەخسۇم، يەنە شۇ كەنتتىن قۇناجىم دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئابدۇغۇپۇر، مەركىزى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يار مۇھەممەت (ئىزچىلار باشلىقى)، مىر ئەھمەد سىيىت (مۇئەللىپ)، سۇلتان مامۇت قاتارلىق ئون نەچچە كىشى يىغىن ئېچىپ، ئابدۇراخمان شائىرنى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىمنىڭ ئورنىغا ئاتۇش مائارىپىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى.

—قېرىنداشلار، ئۇستازىمىز ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن بۇ مۈشكۈل خىزمەتنى، مەن يالغۇز ئۈستۈمگە ئېلىپ ئىشلەشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم، ئەمما ھەرقايسىڭلار ماڭا يۆلەك، شۇڭا ئاجىزلىق ھېس قىلمايمەن،—دېدى ئابدۇراخمان شائىر ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ،— ھەممىمىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇستازىمىز باشلاپ بەرگەن داغدام يولنى قەتئىي داۋام ئەتتۈرىدىغانلا بولساق، ئىنشائاللاھ ئاخىرقى غەلبە ھامان بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ،— ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى،— ھەممىمىزگە مەلۇم، ھازىر ۋەزىيەت جىددىي، ھەم مۇرەككەپ. مەلۇم بولغىنىدەك خائىن-مۇناپىقلار رەزىل ۋاستىلەر بىلەن، ئۇستازىمىز ئۈستىدىن ھۆكۈمەتكە قارا (يالغان) ماتېرىيال يېزىپ، ئۇنىڭ ناھەق قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەب بولدى. دېمەك، ئۇلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلماقنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىكەن، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرەلەيدۇ، نومۇس قىلماستىن كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ئاقنى قارا، قارىنى ئاق دېيەلەيدۇ. پەرۋاسىز قارىيالمايمىزكى ۋەزىيەت جىددىي داۋالغۇپ تۇرغان مۇشۇ پەيتلەردە، خائىن-مۇناپىقلارنىڭ بىزگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلىرىمىزنى دادىل ئېلىپ بېرىشىمىز، ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى مۇئەللىملەرنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-كۆزئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىزدۇر، قىسقىسى ئۇستازىمىز قەلبىمىزگە سالغان مەرىپەت ئۇچقۇنى،

ھەقىقىي ساپ ئالتۇننى سىنايدىغان بىباھا يالقۇنغا ئايلانسۇن. ھەممەيلەن شائىرنىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەپ، پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن تارقاشتى. مۇئەللىملەر روھلۇق ھالدا ياتاقلىرىغا كىرىپ كىتىشتى. مەن(مۇئەللىپ)يار مۇھەممەت ئاكا، سۇلتان مامۇت ئۇچەيلەن ئۆز ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ كەتتۇق.

ئەنە شۇ مىنۇتلاردا شائىرنىڭ يۈرىكىدىن مۇنداق مەردانە شېئىرى مىسرالار ئېتىلىپ چىققان ئىدى:

ۋەھىمە سالما ئەي پەلەك، ئۆلمەك ماڭا بار بىر كۈنى،
مەن ئەمەس شاھلارمۇ قالماس، ئاڭا ھەم بار بىر كۈنى.

جەۋرە سالما ئەي پەلەك، تىز پۈكمىگەي شائىر ساڭا،
بەربىر قورقساممۇ ئۆلمەك يەنە باردۇر بىر كۈنى.

ئارى ئۇستاز ئېيتقىنىدەك مىڭ ئۆلەر قورققان كىشى،
تىك تۇرۇپ قورقماي ھامان ئۆلسەكمۇ ھەم بار بىر كۈنى.

ئۆزگىچە سىرلىق قاراپ كۆزنى قىسادۇر غەيرىلەر،
قويغۇسى قاپقان-تۇزاق ئاخىر ماڭا بار بىر كۈنى.

تۈرمىنىڭ قانلىق پۇراقى كەلدى شىددەتلىك پۇراپ،
ئالغۇسىدۇر ھەر قاچان قولغا مېنى بار بىر كۈنى.

ئىسمى-زاتىڭدۇر ئۇلۇغ راخمان[24] رەھىم[25] يازەلجالال[26]،
قىل تەرەھھۇم[27] نەۋ قىرانغا سەنلا يارسەن بىر كۈنى.

لەنتى مىڭ لەنتى بولسۇن ساڭا مەلئۇن رەقىپ،
ئۆز گۆرىنى ئۆزى قازغاي قېپ قىساسقا بىر كۈنى.

ئابدۇراخمان قورقمىغىن ساتقىن-خائىنلار ۋەھىمىدىن،
ئەل-ۋەتەن قۇربانى بولساڭ ئەل، خۇدا يار بىر كۈنى.

1937 -يىلى 6 -ئاي

ئابدۇراخمان شائىر مەسئۇللۇقىدا ئاتۇشنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر مەزگىل ئوڭۇشلۇق داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى بار چاغدىكىدەك جۇشقۇن، قىزغىن كەيپىيات تەدرىجىي سۇسلىشىپ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەندى، مۇئەللىم ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمىنى روھى چۈشكۈنلۈك ھەم قورقۇنچ ئېگەللەشكە باشلىدى. چۈنكى، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى(تەۋپىق)قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت يەنىمۇ كەسكىنلەشتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خائىن-مۇناپىقلارنىڭ، ئىشپىيون-چېقىمچىلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئاشۇ يىللاردا مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىگە ئەگىشىپ مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كىشىلەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققەت ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. نەچچە مىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار، مەرىپەتپەرۋەر باي-سودىگەرلەر، بىگۇناھ كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت كېچىسى ئۆيىدىن چاقىرىپ ئېلىپ چىقىلىپ دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەتئەلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن ئەپەندى، ئاببباس چوڭ، ئابدۇراخمان شائىر، لىۋايىدىن قارى، ئەھمەت مەخسۇم، ئابدۇغۇپۇر قۇناجى، يار مۇھەممەت (ئوقۇغۇچى، ئىزچىلار باشلىقى) قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ شۇ پېتى ئىز-دېرىكى بولمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈچ-قۇۋۋىتى، ئەقىل-پاراسىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان نەۋ قىران ياشلار بولۇپ، ئۇلار جاللات شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە ئادەت قىلغان رەزىل ئۇسۇلى بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

ئابدۇراخمان شائىر قولغا ئېلىنىشتىن بىر-نەچچە كۈن بۇرۇن كۆڭلىگە بىر نەرسە ئايان بولغاندەك ئادىتى بويىچە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ چالا-پۇلا ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئۇتتۇر كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئىشتارچى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە باردى. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار تېخى مەكتەپكە كەلمىگەن ئىدى. سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتا ئۆزى يالغۇز قارا دوسكىغا قاراپ ئولتۇرۇپ چەكسىز خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ تەپەككۇر قۇشى قاناتلانغان ئىدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىتتىك دوسكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بور بىلەن ئۇستازى مۇھەممەت ئەلى تەۋپىققا بېغىشلاپ مۇنۇ شېئىرىنى يازدى:

يارنىڭ تۇرمۇشلىرىغا ھۆر-غىلمان[28] ئوخشىماس،
جاي-ماكانىغا يانا تەختى سۇلايمان ئوخشىماس.

كۆزلىرى نۇرلۇق ئىرۇر قاشى قارا ئىنسانىدا،
چىشلىرىنىڭ ئاقلىقىغا ئۈنچە-مارجان ئوخشىماس.

سۆزلىسە دۇررى- گۆھەر چاچىلغىسىدۇر ئاغزىدىن،
سۆزلىرىگە بۇلبۇلى شېرىن سۆخەندان ئوخشىماس.

بىلمىدىم كەتتى قايان ئول مېھرىباندىن يوق خەۋەر،
ھەسەرتتا دەپ يىغلىسام قىلسام-دە ئارمان ئوخشىماس.

سۆزلىسەم تەرپ تۇلا، يازماققا ماغدۇر مەندە يوق،
باشتا قەدرىن بىلمىدىم ئەمدى پۇشايمان ئوخشىماس.

1937 -يىلى 8 - ئاي

1937 -يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئاستىن ئاتۇشتىكى ئەڭ چوڭ قەدىمى بازار بولغان-مەشھەد بازاربېشى مەھەللىسىگە تەۋە بىر كوچىدا مەن (مۇئەللىپ) ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز قىزغىن سالام-سەھەتتىن كېيىن، يولنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپ كەچمىشلەرنى ئەسلەپ بىر ئاز پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، بىر خىل ئۈمىدۋارلىق بىلەن شۇنداق دېدى:

—ئىنىم مىر ئەھمەت سىزمۇ شېئىر-ناخشا ئوقۇشقا ھېرىسمەن، بۇ جەھەتتە قىزىقىشىمىز بىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ-تۆت يىل ئۇستازىمىز تەۋپىقنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ، ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپ يەرلەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ مۇنتىزىم تەربىيەسىنى ئالغانسىز، گەرچە مەندىن 7 - 8 ياش كىچىك

بولسىڭىزمۇ، زېھنىڭىز خېلى ئۆتكۈر، ھەم ئەقىللىق سىز، ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىي داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ،–دەپ قويۇن يانچۇقىدىن بىر كىچىك دەپتەرنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، يانچۇقۇمغا سېلىشىمنى ئىشارەت قىلدى. مەن دەپتەرنى ئاۋايلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم . ئۇ يەنە:

–ئىلگىرى سىز مەن يازغان بىر قىسىم شېئىر-غەزەللەرنى ئاڭلىغان، ھەم خاتىرىلىۋالغان ئىدىڭىز، يېنىمدا ساقلاپ يۈرگەن بۇ دەپتەردىكى شېئىرلارمۇ سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن. باشقىلارغا كۆرسەتمەي، ئىمكان بار يادقا ئېلىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكىنىڭىز ياخشىراق. مۇبادا غەيرى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، سىزگە دىشۋارچىلىق ئەپكېلىدۇ. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، پەلەكنىڭ چاقى ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ، ئەركىن سۆزلىيەلەيدىغان چاغلار كەلگەندە ئاشكارىلاپ، دوست- يار، بۇرادەرلىرىم، شاگىرتلىرىمنىڭ ئەسلەپ قويۇشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرەرسىز دېگەن ئۈمىدتىمەن، ئىنشائاللاھ،– دېدى.

شائىرنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تىترەك ئارىلاش بوش چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، جىيەكلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى...

1937 -يىلى 9 - ئايلاردا ئابدۇراخمان شائىرمۇ جاللات شىڭ شىسەينىڭ قانلىق تۈرمىسىغا تاشلاندى ۋە سانسىزلىغان بىگۇناھ قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 26 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىدى. شائىر تولىمۇ ياش كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى ھەقىقىي ئۆز مەنىسىنى تاپقان شانلىق ھايات. ئۇ باشتىن-ئاخىر ئۇستازىمىز مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قىممەتلىك ھاياتىنى ۋەتەن - مىللەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىدى. مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئەڭ گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقى چېچىش ئارقىلىق نۇرلاندۇردى. ئۇ خەلقىنىڭ خۇشاللىقى ئارقىلىق خۇشاللىق تاپتى، قايغۇسىغا يىغلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 30 - يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، جۈملىدىن شۇ ۋاقىتتىكى رېئال تارىخى شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، روشەن سىياسىۋىلىققا ئىگە. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەن-مىللەتنى، مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى (تەۋپىق قوزغىغان يېڭى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئەركىنلىك-باراۋەرلىكنى، دېموكراتىيە - تەڭلىكنى، ئازادلىق - ھۆرلۈك ئۈچۈن كۆرەشكەن مىللىي قەھرىمانلارنى، دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېيۋىلىرىنى مەدھىيەلىدى... ئۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك ئوت يۈرەك شائىر. ئىلىم-پەن خادىملىرى، ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شائىرنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىگە قارىتا تەتقىقات يۈرگۈزۈپ كۆرۈشىنى، بۇ ھەقتە زۆرۈر ئىزدىنىشلەردە بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاخىرىدا مېنى قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن ئابلىز قارى مۇھەممەت، ئابدۇكېرەم ھاجى، رۇزاخۇن، مۇھەممەت قارى ھۈسەيىن قاتارلىق يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن:

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

مەگەر ئىش باشلىساڭ ئەۋۋەلكى بىسمىللاھ بىلەن باشلا،
تەۋەككۇل قىل شۇ ئاللاغا بىخۇتلۇق كەيپىنى تاشلا.
بۇنىڭدا خاسىيەت كۆپتۇر ئەمەل قىلسا ئاڭا ھەر كىم،
يۇلۇقماس زەررە-زەخمەتكە داۋام ياد ئەيلىسە ھەر كىم.

*** *** ***

زۇلۇم-كۈلپەت ئازابى خەلقىمىزنى خارۇ-زار ئەتمىش،
دىيارىدىن جۇدا قىپ ھەر تەرەپكە لاماكان[29] ئەتمىش.

تاپالماسدىن شىپالەر باغرى خۇن بوپ نالە-زار ئەيلەپ،
شېئىر-داستان ، قۇشاقتا ھالىنى بىر-بىر بايان ئەتمىش.

پۇجۇر[30] ، پىسقى-پاساتلار كۆپ ئۇرۇن ئالدى بۇ ئەل ئىچرە،
شۇ ئىللەتلەر تۈپەيلىدىن كىشى تەركى جاھان ئەتمىش.

تىلى ئۆتمەس بۇ ئەلدە مەنسىپى يوق بارچە مەخلۇقنىڭ،
ھۇقۇقسىزلىق بالاسى جۈملىمىزنى بىزابان[31] ئەتمىش.

كۆرۈك دوست-يار ، قېرىنداش ھەم نەپەس بوپ بىناۋالەرگە،
يۈرەكلەرنىڭ سىرىنى ئەھلى-ئالەمگە بايان ئەتمىش.

زامانغا باق بۇرادەر باشقىلارغا كۆز يۈگۈرتكىن ھەم،
قىلىپ جەۋلان ھاۋادا بىر ئاجايىپ ئاشىيان[32] ئەتمىش.

نادانلىقنىڭ چۆلىدە بى ھۈنەرلەر بولدىلەر سەرسان،
ئۇشۇل تارىخ گۇۋاھتۇر ھەم ئۇنىڭ يولىن يامان ئەتمىش.

بىلىم ئەھلى ئۇلۇغدۇر ھۆرمىتى چوڭ ئەل-ۋەتەن ئىچرە،
ئىلىم- ھېكمەت يولىدا ئەجرى قىلغانغا ئاسان ئەتمىش.

قىلاي دېسەم سۆزۈم كۆپ، ئەتىۋارى يوق بۇ مىللەتنىڭ،
ئادالەتكە ئورۇن يوق ئېركىمىز نە زەپىران[33] ئەتمىش.

ئۈمۈت بىرلە ياشايدۇ ئاقىلانلار يەتسە ھەم كۈلپەت،
كى ھىممەتسىز كىشىلەر سۇبھى تاڭغا دەر گۇمان ئەتمىش.

ئامال ئىزلە قۇتۇلغىن بۇ نادانلىق چۆلىدە يۈرمە،
يېڭى پەنگە قەدەم قوي ئابدۇراخمان دەپ تامام ئەتمىش.

1935 -يىلى 2 - ئاي

*** *** ***

خۇداغا ھەمدۇلەر[34] بولسۇن ئەجەپ قۇتلۇق زامان كەلدى،
زابانسىز بىناۋالەرگە بولۇپ يار خۇش زابان كەلدى.

پىغان چەككەن بۇ مىللەتنىڭ بىمارىغا شىپا ئىزلەپ،
قۇمۇل ، تۇرپان دىيارىدىن يېنىپ يالقۇن نىشان كەلدى.

زۇلۇمغا قارشى ئوت ئاچتى ، دېھقانلار قوزغۇلۇپ ھەر ياق،
قولىدا نەيزە، كالتەكلەر ئۇرۇپ دۈشمەننى شان كەلدى.

غەپلەت بۆشىكىدە ئۇخلاپ ، زىمىستان قەھرىدە مۇزلاپ،
مادارىدىن جۇدا بولغان بۇ مىللەتكە ئامان كەلدى.

جاھالەتكە بېرىپ خاتەم ئېچىلدى لالە-رەيھانلار،
ئىلىم-ئىرپانىسىرى دادىل ماڭارغا يول راۋان بولدى.

ئىلىڭگە مەدھىيلەر سۇنغىن يېزىپ ئەشئار شۇ دەۋراندا،
شۇ تاپتا ئابدۇراخمانغا بولۇپ يار شادىمان كەلدى.
1935 -يىلى 2 - ئاي

*** *** ***

مەرىپەتنىڭ ئاشىقى ئول پاسىبان[35] كەتتى قايان.
شان-شەرەپنىڭ ساھىبى ئول جانىجان كەتتى قايان.

بىلمىدىم ئەھۋال نىچۇك ھاڭ-تاڭدا قالدىم بىخەۋەر،
يوق ئۇچۇر ئۇندىن يەنە ئول مېھرىبان كەتتى قايان.

زاھىرى[36] ھەم باتىنى[37] گۆھەر سۈپەت شۇڭقار ئىدى،
خىسلىتى ئالەمشۇمۇل ئول قەدىردان كەتتى قايان.

قەھرىتان-سوغ، جۇت- بۇرانلار كار قىلالمايتى ئاڭا،
تەڭدىشى يوق گاڭ ئىرادە، قەھرىمان كەتتى قايان.

ناتىقى ئۆتكۈر زابانى ئەھلى غەيۇر[38] نامى پاك،
مەرىپەتنىڭ كۈيچىسى ئول باغىبان كەتتى قايان.

مىللىتىمنىڭ دەردىگە دىلكەش بولۇپ ئىزلەپ شىپا،
سۈپىتى خەيرۇلبەشەر[39] ئول نەۋقىران كەتتى قايان.

بەستىدۇر قارىغاي سۈپەت سۇلماس ئەبەتكە ياشىرىپ،
نامى ئۆچمەس شانى ئۇلۇغ پەھلىۋان كەتتى قايان.

تەربىيەتچىم ، سىردىشىم قابىل تالانتلىق ماھىرىم،
مىسلى يوق ئېرپان خۇمارى ، ئاقىلان كەتتى قايان.

مىللىتىمگە سىڭدۈرۈپ ئەجىرىمنى ئۆلسەم رازىمەن
دەپ، قەسەميات ئەيلىگەن ئول شانى-شان كەتتى قايان.

ئابدۇراخمان چۆكمە غەمگە ، ھىممىتىڭنى يار قىل،
ھەم داۋاملا ئەل ئىشىنى غالىبان[40] كەتتى قايان.
1937 -يىلى 5 - ئاي

*** *** ***

نېمە بولدى بۇدەۋران، كەتتى قۇتراپ غەيرىلەر شۇ دەم.
كۆڭۈلگە بىئاراملىق نالە-ئەپغان[41] يەتتىلەر شۇدەم.

قىلىپ مىكرى[42] شاياتۇن ئەھلى مىللەتكە قىلىبان قەست،
تۇمان قاپلاپ دىيارنى يەنە دىشۋار[43] كەلدىلەر شۇ دەم.

بولۇپ ئۆلپەت زامانغا، مەدھىيە سۇنغان ئىدىم بىر پەس،
نە بولدى قان ئىچەرلەر نەۋ باھارنى بۇزدىلەر شۇ دەم.

قىلىبان بىز جىھاتلەر ، قولغا كەلتۈرگەن ئىدۇق ھۆرلۈك،
كى بىر جاللات بۇ ئەلنى خانۇ-ۋەيران ئەتتىلەر شۇ دەم.

قىسىلدى سۆزنى ئاشكارە قىلالماي ئابدۇراخمانمۇ،
خۇداغا ئىلتىجا ئەيلەپ ئۈمىدۋار بولدىلەر شۇ دەم.
1937 -يىلى 7 -ئاي

*** *** ***

ياش ئىدىم، شائىر ئىدىم، چىققان تىلىم شۇ دەۋرىدە،
تاڭ ئېتىپ كۈلگەن ئىدىم ئاز بىر مەھەل نۇر تەپتىدە.

ھاۋانى باستى تۇمان، كۈن نۇرىنى ياپتى مانا،
چىقتى غالجىر ئىت، چايانلار ھوۋلۇشۇپ قۇتراپ يانا.

نېمە بولدى بۇ زامان ئۆرگۈلدى دەۋران باشقىچە،
غەمگە چۆمدى قايتىدىن يىغلاپ قېرى ھەم ياشقىچە.
1937 - يىلى 8 - ئاي

1988 - يىلى، ئاتۇش

## ئىزاھات

1. بۇ مەدرىسەنى ئۇز زامانىسىدىكى ئوڭ ئېرىقلىق باي مال تۇداجى دىنگە كىشى سالدۇرغان بولۇپ، ئەنجانلىق مۇھەممەت ئىمىن (سۇپىزادە)،موللا ئابلىز داموللا قاتارلىقلار مۇدەررىسلىك قىلغان.
2. خۇش زابان: خۇش ئاۋاز.
3. مەجىددىن ئەپەندى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندىنىڭ تۈركىيەدىن بىللە كەلگەن دوستى بولۇپ، 1934 - يىلىدىن باشلاپ تۇرغۇنجان بايۋەچچە بىلەن بىرلىكتە ، قەشقەر نوبېشى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن پائالىيەتچان، تۆھپىكار مائارىپچى.
4. بۇ 40 نەپەر ئىزچى ئاتۇش مەشھەدتىن يار مۇھەممەت، قۇربان ئىبراھىم، مىر ئەھمەد سىيىت، سۇلتان ماموت، قۇربان جاپپار، مۇھەممەت قۇربان، ناسىر سەتەڭ، ئابدۇلۋارىس، توختى بەگ، خېلىل قاۋۇل، زۇنۇن ئاخۇن، نۇر مۇھەممەت، داموللا ئابدۇقادىر، سەلەي مەھمۇدى، مۇھەممەت ھېلىم، ياسىن ھۇسەن، ئابلىز قادىر، ئابدۇرىشىت تۇردى، رېھىم گاگا، ئەھمەد ئىبىراھىم، ئابدۇخالىق، ساۋۇت ياقۇپ ھاجى، ئابلەھەت، ئىمىن ئىلىياس، قاسىمجان، مۇھەممەت جاناي، ئابلەھەت بوب، ئازغاندىن ئابدۇراخمان سەلەي، ئابلا ئاكا، تەختىيۇندىن ئابلىكىم سەلەي، ئوڭئېرىقتىن پاشا،

تىجەندىن ئابلەھەت، ئابلەھەت كىچىك، تۆكۈلدىن غوجىئاخۇن، سۇنتاغدىن ئەيسا نورۇز، بويامەتتىن ئابدۇكېرەم مەھمۇدى، ئارغۇدىن ئابباس قۇربان، ۋاقۋاقتىن هابىل مەنسۇر، تېتىردىن مىجىت كامال، بۆگەندىن ئۆمەر سەلەي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

5. بەھەمدۇللا: ئاللاغا ھەمدۇ ئېيتىش.
6. زوھۇر: كۆرۈنۈش.
7. زەھى: تېخى، ئەجەپمۇ، راستىنلا ھەقىقىي، چىن.
8. روزىگار: تىرىكچىلىك.
9. شادىبار: شاتلىققا تولۇش، خوش بولۇش.
10. نەھار: كۈندۈز، يورۇقلۇق.
11. نىسار: چاچقۇ، چېچىش، بېشىدىن ئۆرۈش
12. مۇجاھىت: جىھاد قىلغۇچى.
13. ۋەسپى: تەرىپلەش، مەدھىيەلەش.
14. خادىم: خىزمەتكار، مۇلازىم، مالاي.
15. سانا: ماختاش، مەدھىيەلەش.
16. خالىق: ياراتقۇچى، خەلق ئەتكۈچى.
17. ئەدەم: يوقلۇق،نابۇت،ئۆلۈم.
18. مەردۇد: قوغلانغان، رەت قىلىنغان، شەيتان
19. مۇستافا: تاللانغان، ئېسىل، پاك. مەخسۇت: مەقسەت، تىلەك
20. سۇخەندان: شېرىن سۆزلۈك، گەپدان، ناتىق.
21. جۈملىمىزنى: بارچىمىزنى، ھەممىمىزنى.
22. پەرۋانە: شام، چىراق ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان كېپىنەك
23. نەدىندۇر: سەۋەب نىمەدۇر.
24. رەھمان: ياراتقۇچى، ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى.
25. رەھىم: ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى.
26. يازەلجالال: ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، قۇدرەتلىك.
27. تەرەھھۇم: رەھىم قىلماق.
28. ھۆر-غىلمان: جەننەتنىڭ ھۆرلىرى.
29. لاماكان: ۋەتەنسىز، ماكانى يوق.
30. پۇجۇر: گۇناھ، يامان ئىش.
31. بىزابان: تىلسىزلىق، زۇۋانسىز.
32. ئاشىيان: ئۆي-جاي،ماكان، ۋەتەن.
33. زەپىران: سارغايماق،
34. ھەمدۇ: ئاللاھغا شۈكۈرلەر ئېيتماق.
35. پاسىبان: مۇھاپىزەت قىلغۇچى، قاراۋۇل.
36. زاھىرى: كۆرۈنۈش، تۇرقى.
37. باتىنى: ئىچكى دۇنياسى، كۆڭلى، دىلى.
38. غەيۇر: قورقماس، باتۇر، غەيرەتلىك.
39. خەيرۇلبەشەر: خۇش-خەۋەر بەرگۈچى، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى
40. نالە-ئەپغان: پىغان چەكمەك.
41. غالىبان: غالىب، يەڭگۈچى.
42. مىكرى: ھىلى-مىكىر، قاپقان.
43. دىشۋار: ئېغىر كۈن، ئازار-كۈلپەت.

(تامام)

ئاپتور سابىق ئاتۇش شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئارامغا چىقىپ (1920 - يىلى تۇغۇلغان) 1991 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.



# مەريەم ئابدۇراخمان شائىر قىزى:



مەرھۇم شائىرنىڭ قىزى مەريەم ئابدۇراخمان 1939 - يىلى ئاتۇش شەھرىنىڭ ئىشتارچى كەنتىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1948 - يىلى 9 - ئايدىن 1956 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1956 - يىلى 9 - ئايدىن 1959 - يىلى7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىننى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئۇرۇمچى 14 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلىگەن. 1978 - يىلى تەڭرىتاغ (تىيانشان) رايونلۇق مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكەلگەن ۋە رايونلۇق بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە قوشۇمچە دەرس ئۆتكەن. 1982 - يىلى ئۇرۇمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن. خىزمەت جەريانىدە 18 پارچە ئوقۇتۇشقا دائىر ئىلمىي ماقالىلار يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ دادىسى مەرھۇم پېداگوك ئابدۇراخمان شائىرنىڭ ئىلغار روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەش يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات، گىرامماتىكا ئوقۇتۇش پىروگراممىنى يېزىپ چىققان، ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى پىروگراممىغا قاتناشقان. بۇ پۈتۈن ئۇيغۇر رايوندىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە قوللانما قىلىنغان. ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن «ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش قوللانمىسى»، «گىرامماتىكا ئوقۇتۇش مېتودىكىسى» قاتارلىق قوللانمىلارنى يېزىشقا قاتناشقان. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، تىل - يېزىق كومىتېتى ئاچقان ئوقۇتقۇچىلا كۇرسلىرىدا دەرسلەر ئۆتكەن ۋە لېكسىيەلەر سۆزلىگەن. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق باشلانغۇچ مەكتەپ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق «غۇنچە مۇكاپاتى» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مائارىپ ساھەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ھازىر ئىستانبۇلدا قىزى ۋە نەۋرىسى بىلەن ياشاۋاتىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى جەريانىدا قىلغان ياردىمى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمىز، تېنىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز. (ت)

# ئۇيغۇر تېبابىتىدە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى

(مۇدىر ۋىراچ، پىروفېسسور) مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى ( تۈركىيە)

يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى چوڭ بىر تېما بولۇپ، يۈرەك مىزاجىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان يۈرەك كېسەللىكلىرى، تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى، رېماتىزىملىق يۈرەك كېسەللىكى، يۈرەك مۇسكۇل كېسەللىكى، يۈرەك مۇسكۇل ياللۇغى، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ھەم خەتەرلىك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكى بولۇپ، تاجىسىمان ئارتېرىيە بولسا يۈرەك مۇسكۇللىرىنى قان بىلەن تەمىنلەيدىغان ئارتېرىيەدۇر. ھەر خىل سەۋەبلەردىن بەدەندە غەيرىي تەبىئىي خىلىتلار ھاسىل بولۇپ، يۈرەك قان تومۇرلىرىغا تەسىر قىلسا، تاجىسىمان ئارتېرىيەنىڭ ئىچكى پەردىسى قېلىنلىشىپ ۋە قېتىشىپ قان تومۇر بوشلۇقى تارىيىدۇ. ئەگەر يۈرەك مۇسكۇلىغا قان ۋە ئوكسىگېن ۋاقىتلىق يېتىشمىسە كىلىنىكىدا يۈرەك سانجىقى يەنى تۆش سۆڭەك ئارقىسى تۇتقاقلىق ئاغرىش، ئاغرىق سول مۈرە بىلەن ئىچى تەرىپى ۋە چىمچىلاق بارماققىچە تارقىلىش،ئاغرىش ۋاقتى قىسقا بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر يۈرەك مۇسكۇلىغا ئۇزاق ۋاقىت قان ۋە ئوكسىگېن يېتىشمىسە يۈرەك تىقىلمىسى بولۇپ، ئەسلىگە قايتۇرغىلى بولمايدىغان يۈرەك مۇسكۇللىرىدا نېكروزلىنىش كېلىپ چىقىپ بىمارنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ.

يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇشۇ ئەسىردىكى ئۆلگەن ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق چوڭ قاتىلى بولۇپ قالدى. شۇڭا دوختۇرلار تاجىسىمان يۈرەك كېسەللىكلىرىنى بىمارلارنىڭ بەدىنىدىكى مىناغا ئوخشىتىپ بىمار بۇ «مىنا» غا قايسى ۋاقىتتا دەسسىۋالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ دە، دەسسىۋالسا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بالدۇر بايقىلىپ ئالدىنى ئالسا داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا . يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى دۇنيا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ يىلدىن يىلغا ياشلىشىپ، تۆۋەن ياشلىقلار گۇرۇپپىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. يۈرەك كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ سەل سول تەرىپىگە جايلاشقان، چوڭ - كىچىكلىكى ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان ئىككى دالانچە ، ئىككى قېرىنچىدىن ئىبارەت تۆت بوشلۇققا ئىگە رەئىس ئەزالاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ .

يۈرەك ھامىلە چاغدىن باشلاپ ئىنسان ھاياتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بىر مىنۇتمۇ توختىماستىن بەدىنىدىكى قاننى پۈتۈن بەدەنگە ئايلاندۇرۇپ، بەدەندىكى ئەزا توقۇلما ھۈجەيرىلەرنى ئوزۇقلۇق ۋە ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەپ، بەدەندىكى ھەر خىل زىيانلىق كېرەكسىز ماددىلارنى ئۆز ۋاقتىدا توشۇپ تېگىشلىك يوللار بىلەن بەدەن سىرتىغا چىقىرىش ئارقىلىق ھاياتلىقنى كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قان تومۇرلار بولسا قان ئاقىدىغان نەيچە بولۇپ، ئۇلار ئارتېرىيە ۋېنا ۋە قىلدام تومۇرلار دىن ئىبارەت. ئۇلار خۇددى تەرەپ تەرەپكە تۇتاشقان قاتناش تورىغا ئوخشاش پۈتۈن بەدەننى قاپلىغان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى قان تومۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. يەنى ئېكۋاتورنى تۆت ئايلىنىشقا يېتىدۇ. ئارتېرىيە بولسا قان يۈرەكتىن پۈتۈن بەدەنگە ئاقىدىغان نەيچەدۇر، ئۇنىڭ دىۋارى قېلىن، ئېلاستىكلىققا ۋە كۈچلۈك قىسقىراشچانلىققا ئىگە، ئارتېرىيەنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىشى ئۇنىڭ ئىچكى پەردىلىرى قېلىنلىشىپ ۋە قېتىشىپ قان تومۇر بوشلۇقى تارىيىپ قالىدىغان كېسەللىكتۇر.

ۋېنا بولسا قان پۈتۈن بەدەندىن يۈرەككە ئاقىدىغان نەيچىدۇر، ئۇنىڭ دىۋارى نېپىز. بىر قىسىم ۋېنا بەدەننىڭ ئىچىدە، ئۇ ئارتېرىيەسىگە يېقىن ھەم يانداش بولۇپ خۇددى قوش يۆلىنىشلىك تۆمۈر يولىدەك ھەر قايسىسىدىكى قان ئۆز ئارا قارشى يۆلىنىشتە ئاقىدۇ.

قىلدام تومۇرلار ئەڭ كىچىك قىزىل تومۇر بىلەن كۆك تومۇرنى تۇتاشتۇرىدىغان تومۇرلاردۇر. قىلدام تومۇرلار چاچتىنمۇ ئىنچىكە بولۇپ پەقەت مىكروسكوپ ئاستىدىلا كۆرگىلى بولىدۇ. قىلدام تومۇرلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سەككىز مىكرومېتىر بولۇپ 1250 تال قىلدام تومۇرنى بىرلىكتە بۇققاندا ئاران بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ. قىلدام تومۇرنىڭ دىۋارى ناھايىتى نېپىز شۇڭا ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە ئوكسىگېن ئۇنىڭ دىۋارىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ، توقۇلما - ھۈجەيرىلەردىكى كېرەكسىز ماددىلار ۋە كاربون تۆت ئوكسىد بىلەن ئالمىشالايدۇ.

يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى تونۇش، ئۇنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرنى ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى، كېسەللىك ئالامىتى ۋە ئاقىۋىتى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى:

1. قان خىلتىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى

تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى نەم - ئىسسىق جايلاردا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ ئىشلەش، ئۇزۇن مۇددەت ئىسسىق

تەبىئەتلىك قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىش، ئەمگەك ۋە ھەرىكەت قىلماسلىق، تاتلىق يېمەك ئىچمەك، گۆش، ياغ،ھالۋا، پىشقان مېۋە - چېۋە ھەم ئۈلارنىڭ شىرنىسىنى زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلىش، تاماقنى يەپلا يېتىۋېلىش، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، راھەتپەرەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى قان خىلتى بىرلىك مىقدارلىرىدا ئارتىپ كېتىش ۋە سۈپەت جەھەتتە زىيادە، قويۇلۇش يۈز بېرىدۇ-دە، ئاسانلا يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىدە غەيرىي تەبىئىي قان خىلتىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، تومۇرى چوڭ ھەرىكىتى دولقۇنلۇق سالىدۇ، بەزىدە يۈرەك رىتىمسىزلىكى كۆرۈلىدۇ. كۆكرەك ساھەسى يېقىمسىزلىنىش، يۈرەك مۇجۇلغاندەك بولۇش، يۈرەك ھەرىكىتى بەزىدە تېزلىشىپ كېتىپ، كۆزى قىزىرىش، بەزىدە كۆڭلى ئېلىشىش، باش قېيىش، ئومۇمىي بەدەن ماغدۇرسىزلىنىش، ئۇسسۇزلۇقى زىيادە بولۇش، ئېغىزنىڭ تەمى تاتلىق بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

قان خىلتىدىن بولغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنى ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك، قۇۋۋەتلىك تاتلىق ۋە مايلىق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. قان خىلتىنى تەڭشەپ نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەك ئىچمەكلەرنى چەكلەش، ھەر كۈنى ناشتىدا قېتىقنىڭ سېرىق سۈيىنى بېرىش، مۇنچىدا يۇيۇنۇپ تۇرۇش، قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، تامىقىغا سوغۇق تەبىئەتلىك قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى تاماقلارغا ئۇسۇڭ، تەرخەمەك، يۇمغاقسۈت،ئەينۇلا، چىلان، قارا ئۆرۈك قاتارلىقلارنى قوشۇپ بېرىش. لىمون سۈيى، تاۋۇز سۈيى، ئەينۇلا ۋە قارا ئۆرۈك قاتارلىقلاردىن ئىچىملىك ياساپ بېرىش، مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

2 . سەپرا خىلتىنىڭ غەيرى تەبىئىي ئۆزگىرىشى

تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى قۇرغاق ئىسسىق جايلاردا ئۇزاق ۋاقىت سەپەر قىلىپ چۆلدە يۈرگەنلىكىدىن، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا چايلارنى كۆپ ئىچكەنلىكتىن ئۇيقۇسىزلىقتىن، كۆپ يېگەنلىكتىن، ئېغىر، ئەقلىي ۋە جىسمانىي ھەرىكەتنى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەشتىن، ھاراق شاراب ۋە قېنىق دەملەنگەن چاي، قەھۋە ھەم زىيادە ئىسسىق تەبىئەتلىك چايلارنى كۆپ ئىچىشتىن، تەبىئىتى زىيادە ئىسسىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئۇزۇن مۇددەت كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن، ئىسسىق مەزگىلدە قۇرغاق جايلاردا ئۇزاق مۇددەت ئىشلەش تۈپەيلىدىن بەدەندە سەپرا خىلتىنىڭ بىرلىك مىقدارى كۆپەيسە، سەپرا خىلتىنىڭ قۇرۇق ئىسسىق كەيپىياتى بىلەن غىدىقلاش تەسىرىمۇ ماس ھالدا كۈچىيىپ، قان تومۇر مىزاجىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىرلىك مىقدارى ئېشىپ كەتكەن سەپرا خىلتىنىڭ كۈچلۈك غىدىقلاش تەسىرى نەتىجىسىدە قان تومۇر ۋە يۈرەك قان تومۇرلىرىدا ياللۇغلىنىش قاتارلىق پاتولوگىيەلىك ئۆزگىرىش قان تومۇرلارغا قۇرۇقلۇق يېتىپ قان تومۇرلارنىڭ ئېلاستىكلىقىنى بۇزۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىدە، يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ كېتىش، ئىچى تىتىلداش، بىئارام بولۇش، ئۇيقۇسىزلىق، ئومۇمىي بەدەن راھەتسىز، يېقىمسىزلىنىشتەك ئالامەتلەر بىلەن بىرگە چىرايى سارغۇچ، بەدىنى ئورۇق، ئاغزى ئاچچىق ئۇسسۇزلۇق كۆپ، بۇرۇن قۇرۇق بولۇش، ئولتۇرۇپ قوپۇشى تېز، ھەرىكىتى قالايمىقان، روھى ھالىتى تۇراقسىز، سۈيدۈكى قىزىلغا مايىل سارغۇچ كېلىش، تىلىنى سېرىق گەز باغلاش، تومۇر ئىتتىك ئىنچىكە كۈچلۈك سوقۇش، سوغۇق نەرسىلەردىن راھەتلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

سەپرا خىلتىدىن بولغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن چەكلەش، قان خىلتىدىن بولغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم. غىزاسىغا سەپرا خىلتىنى تەڭشەپ نورماللاشتۇرغۇچى يېمەك ئىچمەكلەردىن سوغۇق تەبىئەتلىك بەدەنگە ھۆللۈك پەيدا قىلغۇچى تائاملارنى بېرىش كېرەك. مەسىلەن: شوۋىگۈرۈچ، پالەك، ئۇسۇڭ، تەرخەمەك، سەي كاۋىسى قاتارلىقلارنى قوشۇپ تەييارلانغان تائاملارنى بېرىش كېرەك . مېۋىلەردىن تاۋۇز سۈيى، غورا سۈيى، زىرىق سۈيىنى بېرىش ھەمدە غەم - ئەندىشە قىلماسلىق، ۋاقتىدا تاماق يېيىش، ۋاقتىدا ئۇخلاش، بەك جاپالىق ئېغىر ئىشلارنى قىلىشتىن بولۇپمۇ ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئېغىر ئەمگەك قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

3. بەلغەم خىلتىنىڭ غەيرى تەبىئىي ئۆزگىرىشى

ئۇزۇن مۇددەت ھۆل سوغۇق تەبىئەتتىكى يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە ھەرخىل سەي - كۆكتاتلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن، شۇنىڭدەك ھۆللۈك ياكى ھۆل يېغىن كۆپ ياغىدىغان رايونلاردا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ ئىشلەش، سوغۇق زەيلىك ئورۇنلاردا ئۇزۇن تۇرۇۋېلىشتىن ، سوغۇقلۇق تاماق يېگەندىن كېيىنلا مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنغانلىقتىن، مۇنچىدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالغانلىقتىن، جىسمانىي ھەرىكەت بىلەن كۆپ شۇغۇللانماسلىقتىن بەدەننى سوۋۇتقۇچى مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، شاپتۇل، ئەينۇلا،قارا ئۆرۈك قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقتىن، گازلىق سوغۇق ئىچىملىكلەر، لىمون، ئاپېلسىن قاتارلىق تەبىئىي ھارارەتنى تۆۋەنلەتكۈچى يېمەكلىكلەرنى زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەدەندىكى تەبىئىي بەلغەم خىلتىنىڭ مىقدارى كۆپىيىپ كېتىش ياكى ئۇنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن، بەلغەم خىلتى تەركىبىگە سەۋدا خىلتىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بەلغەم خىلتىنىڭ چۆكمىگە چۈشۈش ۋە قان تومۇر ئىچىدە

ئۇيۇتمىلارنى ھاسىل قىلىش پۇرسىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خىل نورمالسىز بەلغەم خىلتى ئۆزىنىڭ ھۆل سوغۇقلۇق يېپىشقاقلىقى بىلەن قان تومۇردىكى ئېقىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، قاننىڭ تەركىبلىك قىسمىنىڭ قاننىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئېقىشىدىن ئىبارەت ئوق ئېقىمىنى بۇزۇپ، قان تومۇر دىۋارى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ھەمدە ئېقىش سۈرئىتى ئاستىلاشقان قان ئېقىمى ئۇيۇتقۇچى ئامىللار ۋە ئۇيۇشقان سەۋدا خىلتى ياكى قان پىلاستىنكىلىرىنى سۈۋۈتۈپ قويغانلىقتىن ئۇنى سۇيۇلدۇرۇپ كېتەلمىگەچكە قان تومۇرلىرىدا نوكچىلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينايدۇ – دە، يۈرەك قان تومۇر توسۇلۇشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇ خىل يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىدە روھىي ھالىتى سۇسلىشىش، ھورۇنلۇق ،نەپەس سىقىلىش، يۈرەك سۇ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىش، ئومۇمىي بەدەن يېقىمسىزلىنىش، پۇت قول مۇسكۇللىرى پەيلىرى بوشاپ كېتىش، پۇت ۋە كۆز قاپاقلىرىدا سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇش، ئۇيقۇ كۆپ، بەدەن ئېغىر ۋە ماغدۇرسىزلىق كۆرۈلۈپ روھىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئىشقا قىزىقماس بولۇپ قېلىش، سوغۇق ھاۋا سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى كۆڭلى خالىماسلىق، بۇرنىدىن پۇتلا ئېغىزىدىن شال كۆپ ئېقىش، ئىسسىق ھاۋا، ئىسسىق تەبىئەتلىك نەرسىلەردىن راھەتلىنىش، سۈيدۈكى ئاق قويۇق بولۇش، تومۇرى تىوم ئاستا كۈچسىز سوقۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

بەلغەم خىلتىدىن بولغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بەلغەم خىلتىنى تەڭشەپ، نورماللاشتۇرغۇچى قان ئايلىنىشىنى جانلاندۇرۇپ، بەدەننى قىزىتىدىغان قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتتىكى يېمەك ئىچمەكلەردىن كەپتەر گۆشى بىلەن نوقۇت ۋە ئىسسىق تەبىئەتتىكى دورىلاردىن كاۋاۋىچىن، قەلەمپۇر، زەنجىۋىل، تاشاڭ، ئاقمۇچ قاتارلىقلار بىلەن شورپا تەييارلاپ ئىچىشكە بېرىش، قوي گۆشى، مۇچ، سەۋزە، سامساق، خام زەنجىۋىل، پىياز، كۈدە، ياڭاق مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىق ۋە ئۇلاردىن تەييارلانغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، ھۆل سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەك – ئىچمەكلەردىن ۋە كۆپ ئۇخلاپ يېتەرلىك ھەرىكەت قىلماسلىقتىن پەرھىز قىلىش لازىم.

4. سەۋدا خىلتىنىڭ غەيرى تەبىئىي ئۆزگىرىشى

ئۇزۇن مۇددەت قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتتىكى يېمەك ئىچمەكلەردىن ئارپا، لىمون، پىدىگەن قاتارلىقلارنى كۆپ يېيىش، بەك قۇرغاق رايوندا ئۇزۇن ياشاش،كۆپ تەرلەش ياكى ئىچى سۈرۈپ بەدەننىڭ نەملىكىنى يوقىتىش، ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ قېلىش، بەك جاپالىق ئېغىر ئىشلارنى قىلىش، بەك ئۇزۇن ئۇخلىماي ئىشلەش، تاماكا، نەشە، خېروئىن قاتارلىق بەدەننىڭ قۇرىتىدىغان زەھەرلىك چېكىملىكلەر سەۋەبىدىن سەۋدا خىلتىنىڭ بىرلىك مىقدارىنىڭ ئېشىپ كېتىدۇ، سەۋدا خىلتىنىڭ بىرلىك مىقدارى ئارتىپ كەتكەندە بەدەندە قۇرۇق سوغۇق كەيپىيات كۈچىيىپ كېتىدۇ . بۇ خىل قۇرۇق سوغۇق كەيپىيات قان خىلتىنى تەدرىجىي قويۇلدۇرۇپ، قان تومۇرىنىڭ تەبىئىي نەملىكىنى قۇرۇتۇپ، قان تومۇرىنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقى ۋە ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قان خىلتىنى ئاساس قىلغان باشقا خىلتلارنىڭ تەركىبىدىكى ئاسان چۆكمىسىگە چۈشىدىغان ماددىلار قان تومۇر دىۋارىدا ئولتۇرۇشۇپ، قان تومۇرىنىڭ بوتقىسىمان قېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئەھۋال ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، يۈرەككە ئوخشاش قان تومۇرلىرى كىچىك، نازۇك - ئىنچىكە ئەزالاردا توسۇلۇش يۈز بېرىدۇ.

ھەم غەيرى تەبىئىي سەۋدا خىلتى قان تومۇرلاردا ئاسانلا چۆكمە پەيدا قىلىپ، قان تومۇر ئىچكى دىۋارىنى قېلىنلاشتۇرۇپ، قان تومۇر قېتىش يۈرەك تاجسىمان قان تومۇرلاردا تەدرىجىي توسۇلۇشنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرىدە ئادەم كۆڭلىدىن كۆڭگە جۇدەپ كېتىش، روھىي ھالىتى غەم - ئەندىشىلىك بولۇپ قېلىش، يۈرەك ئېغىش، پات - پات قوزغۇلۇپ تۇرۇش، ئاياللاردا ھەيز قالايمىقانلىشىش، ئېغىز بۇرۇنى ۋە كۆزى قۇرغاق بولۇش قاتارلىقلاردىن باشقا ئۇيقۇ كەم ،تومۇرى ئىنچىكە ئاستا سېلىش، گۇمانخور، كۆپ خىيال قىلىش، بولۇپمۇ قورقۇنچلۇق خىياللارنى كۆپ قىلىش قاتارلىقلار بولۇپ قالىدۇ.


سەۋدا خىلتىدىن بولغان يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى بىر قېتىم ئىسسىق مۇنچىغا چۈشۈپ تۇرۇش،سەۋدا خىلتىنى تەڭشەپ نورماللاشتۇرغۇچى ھۆل ئىسسىق تەبىئەتتىكى يېمەك - ئىچمەكلەردىن ئۆچكە سۈتى، سېرىق پۇرچاق، كۈنجۈت، بادام مېغىزى، سېمىز يەرلىك توخۇ گۆشى، سەۋزە، قىزىل بۇغداش، قارا مور، ئەنجۈر قېقى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى ۋە ئۇلاردىن ياسالغان يېمەك ئىچمەكلەرنى يېيىش، قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتتىكى يېمەك – ئىچمەكلەردىن، بەك ئۇزۇن ئۇخلىماي جاپالىق ئىشلەشتىن، غەم - ئەندىشە قايغۇ ھەسرەت قاتارلىقلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىي (دەرسلىك)، 2005 – يىلى 3 – ئاي 1 – نەشرى سەھىيە نەشرىياتى

2. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىي ژۇرنىلى (2019 – يىلى تۇنجى سان ئىستانبۇل)، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات ۋەخپە

3. ئىزدىنىش ژۇرنىلى (2021 – يىللىق 1 – سان ئىستانبۇل )




# مۇھەببەت بىر خىل سەنئەتمۇ؟

ئېرىك فروم (گېرمانىيە)

مۇھەببەت بىر خىل سەنئەتمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇ بىلىم ۋە تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. ياكى مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرۈش پۇرسەت مەسىلىسى سەۋەبىدىن تەلەيلىك ئادەملەرلا يولۇققىدىغان خۇشاللىق تۇيغۇسىمۇ؟ گەرچە كۆپلىگەن كىشىلەر كېيىنكىسىگە ئىشەنسىمۇ لېكىن بۇ كىچىك كىتاب ئالدىنقىسىنى ئاساس قىلغان.

كىشىلەر مۇھەببەتنى مۇھىم ئەمەس دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا تەشنا؛ ئۇلار نۇرغۇنلىغان بەختلىك ۋە بەختسىزلىككە تولغان مۇھەببەت ھېكايىلىرى سۆزلەنگەن كىنولارنى كۆرىدۇ،يۈزلىگەن مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك كېرەكسىز ناخشىلارنى ئاڭلايدۇ. ھېچكىشى تېخى مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر بار دەپ ئويلىمايدۇ.

بۇ ئالاھىدە پوزىتسىيە ئۇنى ئايرىم ياكى ھەممىسى بىرلىكتە ھىمايە قىلىدىغان بىر نەچچە تۈرلۈك زۆرۈر شەرتنى ئاساس قىلغان. كۆپلىگەن كىشىلەر مۇھەببەتنى ئاساسى جەھەتتىن باشقىلارنى سۆيۈش ئەمەس بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن سۆيۈلۈش ۋە سۆيۈش سالاھىيىتى دەپ قارايدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇلار دۇچ كېلىدىغان سوئال بولسا قانداق سۆيۈلۈش كېرەك، قانداق قىلىپ سۆيۈملۈك بولۇش كېرەك . بۇ نىشانغا ئىنتىلىش جەريانىدا، ئۇلار بىر قانچە يولغا ئەگىشىدۇ. بىرى، بۇ يول بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئىجتىمائىي ئورۇنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى يار بەرگۈچە كۈچلۈك ۋە باي بولۇش، بولۇپمۇ ئەرلەر. يەنە بىرى، بەدىنىنى ۋە سىرتقى كىيىنىشىنى گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنى جەلپكار قىلىش، بولۇپمۇ ئاياللار. ئۆزىنى جەلپكار قىلىدىغان باشقا ئۇسۇللار ئەر ئايالغا ئورتاق. مەسىلەن،قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇش،قىزىقارلىق پاراڭ قىلىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا ئامراق بولۇش، كەمتەر بولۇش،باشقىلارغا ئازار بەرمەيدىغان بولۇش قاتارلىقلار. ئۆزىنى سۆيۈملۈك قىلىشنىڭ نۇرغۇن يوللىرى خۇددى ئىلگىرى ئۆزىنى غەلبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ يولىغا ئوخشايدۇ، يەنى «دوستنى ئۇتۇش ۋە باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش». ئەمەلىيەتتە، كۆپلىگەن كىشىلەر تونۇيدىغان سۆيۈملۈك بولۇش ماھىيەتتە بولسا داڭلىق بولۇش ۋە جىنسىي جەھەتتىن جەلپكار بولۇش ئۇقۇمىنىڭ بىرىكمىسى.

بۇ پوزىتسىيەنىڭ ئارقىسىدىكى يەنە بىر زۆرۈر شەرت بولسا مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك ئۆگىنىدىغان نەرسە يوق دېگەن بۇ قاراش مۇھەببەتنىڭ مەسىلىسى بولسا ئىقتىدار مەسىلىسى ئەمەس بەلكى ئوبيېكت مەسىلىسى دېگەن قىياستىن ئىبارەت. كىشىلەر سۆيۈش قىيىن ئەمەس لېكىن توغرا ئوبيېكتنى تاللاپ سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن سۆيۈلۈش قىيىن دەپ قارايدۇ. بۇ پوزىتسىيەنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يىلتىز تارتقان بىر قانچە سەۋەبى بار. بىر سەۋەب بولسا يىگىرمىنچى ئەسىردە يۈز بەرگەن بىر چوڭ ئۆزگىرىش،يەنى كىشىلەرنىڭ سۆيۈش ئوبيېكتىغا بولغان تاللاشقا نىسبەتەن ھۆرمەتنىڭ كېلىپ چىقىشى. ۋىكتورىيە خانلىق دەۋرىدە، نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى قاراشلاردا مۇھەببەت تەبىئىي شەخسىي كەچۈرمىش ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ تويىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەكسىچە، توي بولسا مۇراسىم ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان بولىدۇ - ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسى تەرىپىدىن ياكى توي ۋاستىچى تەرىپىدىن ۋە ياكى ئۇنداق كېلىشتۈرگۈچىلەرنىڭ ياردىمى يوق ئەھۋال ئاستىدا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ؛ ئۇ ئىجتىمائىي مۇلاھىزە ئاساسىدا بولىدۇ، ھەم توي قىلغاندىن كېيىن مۇھەببەت ھاسىل بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئاخىرقى نەچچە ئەۋلاد غەرب ئەللىرى دۇنياسىدا، رومانتىك مۇھەببەتنىڭ ئۇقۇمى ئومۇمىيۈزلۈكلۈك تارقالغان. ئامېرىكىدا بولسا ئەنئەنىۋى تەبىئىيلىكنى ئويلىشىش تېخى

پۈتۈنلەي كەم ئەمەس ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىمدىكى كىشىلەر بولسا ئۆزى شەخسىي بېشىدىن كەچۈرىدىغان ۋە ئاخىرى تويى قىلىشقا باشلاپ بارىدىغان «رومانتىك مۇھەببەت»نى ئىزدەيتتى. بۇ مۇھەببەتنىڭ ئەركىنلىككە بولغان يېڭى ئۇقۇم رولىنىڭ مۇھىملىقىغا قارشى ھالدا ئوبيېكتنىڭ مۇھىملىقىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

مۇشۇ ئاملىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى بولسا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىي ئالاھىدىلىكى. بىزنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتىمىز ئېرىشىش نەپسىمىز ۋە ياخشى نىيەتتە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش قارىشىمىزنى ئاساس قىلغان. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ خۇشاللىقى دۇكانلارنىڭ دېرىزىسىگە قاراشتىكى ھاياجاندا، مەيلى نەخ پۇل بىلەن بولسۇن ياكى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەپ بولسۇن سېتىۋالالىغۇدەك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر باشقىلارغىمۇ ئوخشاش نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن جەلپكار ئاياللار، ئاياللار ئۈچۈن جەلپكار ئەرلەر دەل ئۇلار ئىزدىگەن مۇكاپات. «جەلپكارلىق» ئادەتتە چىرايلىق ئورالغان، كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان ۋە خاراكتېر بازىرىدا قوغلىشىدىغان سۈپەت خالتىسىنى كۆرسىتىدۇ. نېمىنىڭ بىر ئادەمنى ھەقىقىي جەلپكار قىلالىشى شۇ دەۋرنىڭ فىزىكىلىق ۋە روھىي جەھەتتىكى مودا ئېقىمىغا باغلىق. يىگىرمىنچى ئەسىردە،ھاراق ئىچىدىغان،تاماكا چېكىدىغان، قاۋۇل، مودا قىزلار جەلپكار ھېسابلىناتتى؛ بۈگۈنكى كۈندە بولسا مودا ئائىلە تۇرمۇشى ۋە ئۇياتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئونتوققۇزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئادەم بىر جەلپكار «خالتا» بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئاكتىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان ۋە  بۈيۈك ئىرادىلىك بولۇشى، يەنە چىقىشقاق ۋە سەۋرچان بولۇشى كېرەك. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئادەتتە پەقەت ئاشۇنداق ئۆزىنىڭ ئالماشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان تاۋارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن باھا تالىشىمەن؛ ئوبيېكتىم بولسا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممەت نۇقتىسىنەزەرىدىن قارىغاندا كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مېنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئارتۇقچىلىق ۋە يوشۇرۇن كۈچۈم قاتارلىقلارنى ئويلىشىپ تۇرۇپ مېنى خالىشى كېرەك. ئىككى ئادەم قارشى تەرەپنىڭ كەمچىلىكىنى ئويلىشىپ تۇرۇپمۇ بازاردىكى ئەڭ ياخشى ئوبيېكتىنى تاپتىم دەپ قارىغان چاغدا ھەققى سۆيۈشكەن بولىدۇ. تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغان يوشۇرۇن كۈچ  بۇ باھا تالىششتا خۇددى ھەقىقىي نەرسە سېتىۋالغانغا ئوخشاش دائىم ئويلىنىشقا ئەرزىگۈدەك زۆرۈر رول ئوينايدۇ. بازارلىشىش يۈنىلىشى مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە ماددىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت كۆرۈنەرلىك مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان بىر مەدەنىيەتتە ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئوخشاش ئالماشتۇرۇش شەكلىدە قۇرۇلۇشى، ھەم ئۇنىڭ تاۋار ۋە ئەمگەك بازىرىنى باشقۇرۇشى ھەيرانقالارلىق ئىش ئەمەس.

بۇ پەرەزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۈچىنچى بىر

خاتالىق بولسا مۇھەببەتتىكى تۇنجى قېتىم مۇھەببەتنى «ھېس قىلىش» كەچۈرمىشى بىلەن مەڭگۈ مۇھەببەتلىشىش ھالىتىدە تۇرۇشنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى، ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتساق مۇھەببەت ئىچىدە «تۇرۇش» نىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدۇر. ئەگەر ئىككى ئادەم خۇددى بىز ھەممىمىز شۇنداق بولغاندەك ناتونۇش ئادەملەر بولسا، لېكىن تۇيۇقسىز ئۇلار ئارىسىدىكى تام ئۆرۈلۈپ ئۇلار ئۆز ئارا يېقىن ھەم ئىككىسى بىرلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلسا، بۇ بىر بىرلىشىپ كەتكەندىكى مىنۇتلار ئادەم ھاياتىدىكى ئادەمنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان ئەڭ ھاياجانغا سالىدىغان كەچۈرمىشلەرنىڭ بىرى. ئۇ بېكىنىۋالغان، يالغۇز ۋە مۇھەببەتسىز ئادەملەر ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل ۋە مۆجىزە خاراكتېرلىك بولىدۇ. بۇ تۇيۇقسىز يېقىنلىق مۆجىزىسى ئەگەر جىنسىي جەلپكارلىق ۋە مۇكەممەللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە ياكى باشلانسا تېخىمۇ ئاسان يۈز بېرىدۇ. لېكىن بۇ خىلدىكى مۇھەببەت تەبىئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. ئىككى ئادەم ئۆز ئارا ياخشى بىلىشكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ قىيىنلىقى بارا بارا ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىك خاراكتېرىنى يوقىتىدۇ، تاكى ئۇلارنىڭ قارشىلىشىشلىرى، ئۈمىدسىزلىنىشلىرى ۋە بىر بىرىدىن زېرىكىشلىرى باشتىكى ھاياجاندىن قالغان ھەممە نەرسىنى يوقاتقانغا قەدەر. ئەلۋەتتە، باشلىنىشتا ئۇلار بۇنىڭ ھېچقايسىنى بىلمەيدۇ: ئەمەلىيەتتە،ئۇلار بىردەملىك قايناق ھېسسىيات ۋە ئۆز ئارا «مەپتۇن» بولۇشنى مۇھەببەت چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئىسپاتى دەپ بىلىدۇ، لېكىن ئۇ بەلكىم پەقەت ئۇلارنىڭ بۇرۇن قانچىلىك يالغۇزسىرىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.

بۇ پوزىتسىيە– يەنى سۆيۈشتىنمۇ ئاسان ئىش يوق دېگەن بۇ قاراشنى گەرچە كۆچلۈك ئىسپاتلار ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ تۇرسىمۇ يەنىلا شۇنداق كەڭ تارقالغان.  زور ئۈمىد ۋە ئارزۇ بىلەن باشلانغان ھېچقانداق بىر ئىش ياكى بىر كارخانا  مۇھەببەتتەك كۆپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر باشقا ئىشلارمۇ مۇھەببەتكە ئوخشاش كۆپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا كىشىلەر ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە تىرىشقان ۋە قانداق قىلغاندا ئۇنى ياخشى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەنگەن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەن بولاتتى. لېكىن باشقا ئىشلارنىڭ مۇھەببەتكە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا مۇھەببەتنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يېڭىشنىڭ پەقەت بىرلا ئامالى بار،يەنى بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى تېپىش ۋە مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تەتقىق قىلىش.

باسىدىغان بىرىنچى قەدەم بولسا مۇھەببەتنىڭ بىر سەنئەت ئىكەنلىكىنى تونۇش، خۇددى ياشاشمۇ بىر سەنئەت بولغانغا ئوخشاش؛ ئەگەر بىز قانداق سۆيۈشنى ئۆگەنمەكچى بولساق، بىز چوقۇم باشقا سەنئەتلەرنى، مەسىلەن، مۇزىكا، ياغاچچىلىق سەنئىتى ياكى تېبابەتچىلىك ۋە قۇرۇلۇش سەنئىتى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشتە تۇتقانغا ئوخشاش يول تۇتۇشىمىز كېرەك.

سەنئەتنى ئۆگىنىشتىكى زۆرۈر باسقۇچلار قايسى؟

بىر سەنئەتنى ئۆگىنىش جەريانىنى ئاددىي ھالدا ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ؛ بىرى، نەزەرىيەگە پۇختا بولۇش؛ يەنە بىرى، ئەمەلىيەتكە پۇختا بولۇش. ئەگەر مەن تېبابەت سەنئىتىنى ئۆگەنمەكچى بولسام، مەن بىرىنچى بولۇپ ئادەم بەدىنىگە ئائىت نەرسىلەرنى ۋە ھەرخىل كېسەللىكلەرنى بىلىشىم كېرەك. مەن ھەممە نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ بولغان چاغدىمۇ ھەرگىزمۇ تېبابەت سەنئىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. مەن پەقەت ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈسىگە ئايلاندۇرالىغان چېغىمدىلا ئاندىن ھەقىقىي يېتىشكەن ھېسابلىنالايمەن، بۇ ھەرقانداق بىر سەنئەتنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. لېكىن، ھەرقانداق بىر سەنئەتنى ئۆگىنىپ ئۇستا بولۇشتا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنى ئۆگىنىشتىن باشقا يەنە ئۈچىنچى بىر ئامىل كېرەكلىك بولىدۇ، يەنى بىر سەنئەتنىڭ ئۇستىسى چوقۇم دۇنيادا بۇ سەنئەتتىنمۇ مۇھىم باشقا نەرسە بولماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش مۇزىكىغا، تېبابەتكە ۋە ياغاچچىلىققا، ھەتتا مۇھەببەتكىمۇ توغرا كېلىۋېرىدۇ. بەلكىم بۇ دەل مەدەنىيىتىمىزدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى شۇنچە ئېنىق تۇرسىمۇ، يەنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا سۆيگۈگە تەشنالىق بولسىمۇ نېمىشقا بۇ سەنئەتنى ئۆگىنىشكە تىرىشمايدۇ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى بولۇشى مۇمكىن. بىز ھەرقانداق باشقا بىر ئىشنى سۆيگۈدىن مۇھىم دەپ قارايمىز، يەنى مۇۋەپپەقىيەت، نام- ئابرۇي، پۇل، ھوقۇق - بىز ھەممە ئېنېرگىيە كۈچىمىزنى دەل مۇشۇ مەقسەتلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىپ مۇھەببەت سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە ئاساسەن قالدۇرمىدۇق.

بىر ئادەم ئۆگىنىش ئارقىلىق پۇل ۋە نام-ئابرۇي تاپقىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدىغان ئاشۇ نەرسىلەرلا ئۆگىنىشكە ئەرزىمدۇ ۋە ياكى «پەقەت» ئادەم روھىغىلا پايدىسى تېگىدىغان، لېكىن ھازىرقى زاماندا پايدىسى يوق دەپ قارىلىدىغان مۇھەببەت بىزنىڭ ئۈچۈن ئېنېرگىيە ۋە كۈچ سەرپ قىلىشقا ھوقۇقىمىز يەتمەيدىغان قىممەت باھالىق بۇيۇممۇ؟

ئەمما بۇ بەلكىم، تۆۋەندىكى بايانىم مۇھەببەت سەنئىتىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندىن مۇلاھىزە قىلىدۇ: ئالدى بىلەن مەن مۇھەببەت نەزەرىيەسىنى بايان قىلىمەن، ھەمدە ئۇ بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككىنچى بولۇپ مۇھەببەتنىڭ ئەمەلىيىتىنى بايان قىلىمەن- چۈنكى مۇھەببەتتىكى ئەمەلىيەت توغرىسىدا خۇددى باشقا ساھەدىكى ئوخشاشلا ناھايىتى ئاز چۈشەنچە بار.

## 1. مۇھەببەت - ئىنسانلار مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىنىڭ جاۋابى

مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر نەزەرىيە چوقۇم ئىنسانلار نەزەرىيەسى ۋە ئىنسانلار مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسى بىلەن باشلىنىدۇ. بىز ھايۋاناتلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى، ئەلۋەتتە باراۋەر ھالەتتىكى مۇھەببەتنى چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە تارتىششى بولسا ئۇلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارلىق قورالى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ تۇغما ئىقتىدارلىق قورالنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىلا ئادەملەردە يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىدىكى مۇھىم بىر ئەمەلىيەت شۇكى، ئىنسانلار ھايۋاناتلار پادىشاھلىق دۆلىتىدىن ۋە تۇغما ماسلىششچانلىق قابىلىيىتىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ پەيدا بولغان، ھەمدە ئىنسانلار گەرچە تەبىئەتتىن ئايرىلىپ باقمىغان بولسىمۇ لېكىن تەبىئەتتىن ھالقىغان؛ ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، ئەگەر ئىنسانلار تەبىئەتتىن ئايرىلىپلا قالسا ئۇنىڭغا قايتالمايدۇ؛ ئەگەر ئىنسانلار جەننەتتىن تاشلاپ چىقىرىۋېتىلىدىكەن، قايتىشنى ئويلىسىمۇ، دەسلەپكى تەبىئەت بىلەن بولغان بىرلىك چۈشەنچىسىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك پەرىشتە كەسكىن قىلىچى بىلەن ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قالىدۇ. ئىنسانلار پەقەت ئەقلى كۈچى ۋە بىر يېڭى ئىتتىپاقلىق كۈچى تېپىش، ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ھالدا يوقالغان ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى ئىتتىپاقلىق ئەمەس بەلكى ئىنسانلار بىردەكلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا ئالدىغا باسالايدۇ.

ئادەم تۇغۇلغاندا، ئىنسانلار ئىرىقى ۋە شەخسمۇ ھەم ئىقتىدارغا ئوخشاش ئېنىق بولغان ھالەتتىن چىقىرىۋېتىلىپ، ئېنىق بولمىغان، نامەلۇم ۋە ئوچۇق بىر ئەھۋالغا تاشلىنىدۇ. بۇ يەردە ھەقىقەتەن پەقەت ئۆتمۈشكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرلا بار–لېكىن كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىكىدىن پەقەت ئۆلۈملا بار.

ئادەم ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن سېزىم بار؛ ئۇ ئۆزىنى، باشقىلارنى، ئۆتمۈشنى ۋە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان كەلگۈسى ئىشلارنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم بىر ھەقىقىي جىسىم ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قىسقا ھايات ئۆمرىنى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن سىرت تۇغۇلۇپ، ئىرادىسىگە قارشى ھالدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزى سۆيىدىغان كىشىلەردىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ياكى ئۇلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يالغۇزسىرىشىنى ۋە يەككە-يېگانىلىكىنى، ئۆزىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەنھا، بىرلىكى يوق مەۋجۇتلۇقىنى چىدىغىلى بولمايدىغان بىر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ بەلكىم ئەقلى ھوشىنى يوقىتىشى مۇمكىن، ئۆزىنى بۇ تۈرمىدىن ئازاد قىلىپ چىقالماسلىقى ۋە ئۆزىنى بىر شەكىلدە ياكى باشقىلار بىلەن، سىرتقى دۇنيا بىلەن بىرىكتۈرەلمەسلىكى مۇمكىن.

يالغۇزلۇق تەشۋىشنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە ھەممە تەشۋىشنىڭ مەنبەسى. يالغۇزلۇق خۇددى ئۇشتۇمتۇت باشقىلار تەرىپىدىن توختىتىلىش ۋە كۈچىنى ئىشلىتىشكە قۇدرىتى يوق بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، يالغۇزلۇق ئامالسىز قىلىش ۋە دۇنيانى - نەرسىلەرنى، ئىشلارنى ۋە كىشىلەرنى - ئاكتىپ ھالدا چۈشەنمەسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك دۇنيا مېنىڭ ئىقتىدارىم يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ ماڭا تاجاۋۇز قىلالايدۇ. شۇڭا يالغۇزلۇق كۈچلۈك تەشۋىشنىڭ مەنبەسى. ئۇنىڭدىن سىرت،

ئۇ نومۇس قىلىش ۋە خىجىللىق ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ. يالغۇزلۇقتىكى نومۇس قىلىش ۋە خىجىللىق ھېس قىلىش كەچۈرمىشى ئىنجىلدىكى ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ ھېكايىسىدە بايان قىلىنغان. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا «ياخشى ۋە يامانلىقنىڭ بىلىم دەرىخىنىڭ مېۋە»سىنى يېگەندىن كېيىن، ھەم ئۇلار قارشى جىنسنى چىققاندىن كېيىن( پەقەت قارشىلىق قىلىشقا ئەركىنلىك بولسىلا ئاندىن ياخشىلىق ۋە يامانلىق بولىدۇ)، ئۇلار ئۆزىنى دەسلەپكى تەبىئەت بىلەن بولغان ھايۋانلىقىدىن ئازاد قىلىپ ئىنسانغا ئايلانغاندىن كېيىن، يەنى ئۇلار ئىنسان بولۇپ تۇغۇلۇپ ئۆزىنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە نومۇس ھېس قىلغان. بىز بىر قەدىمكى ۋە دەسلەپكى رىۋايەتنى ئۈنتۈققۇزىنچى ئەسىردىكى ساختا ئەخلاق قارىشىغا ئوخشاش پەرەز قىلىشىمىز، ھەمدە ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ئەزاسىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىدەك بىر ئوسال ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىز كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ ئۇنداق بولمىقى تەس، ۋىكتورىيە روھىدىكى بىر ھېكايىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ تۆۋەندىكى بىر نۇقتىنى چۈشۈرۈپ قويغىنىمىزنى بايقايمىز: ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۆزى ۋە قارشى تەرەپنى ھېس قىلغان چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغۇزلۇقىنى، ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقلىرىنى ھېس قىلغان، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان جىنسقا تەۋە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغۇز ۋە ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن بىر-بىرىگە ناتونۇش ھالەتنى ساقلىغان، چۈنكى ئۇلار تېخى ئۆز-ئارا ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەنمىگەن( بۇ ئەمەلىيەتمۇ ئېنىق بولدىكى، ئادەم ئاتا ھاۋا ئانىنى ئەيىبلەش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىغان ھاۋا ئانىنى قوغدىمىغان). مۇھەببەت ئارقىلىق بىرلىشىش يوق بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ يالغۇز ۋە ئايرىلىپ كېتىشى نومۇسنىڭ مەنبەسى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە خىجىللىق ۋە تەشۋىشنىڭ مەنبەسى.

ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ئىنتىلىشى بولسا ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى يېڭىش تەشناسى، ئۆزىنىڭ تەنھالىق تۈرمىسىدىن ئايرىلىش تەشناسى. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ ئەقلى- ھوشىنى يوقاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى پۈتۈنلەي يالغۇز قېلىشتىن كېلىپ چىققان ئالاقزەدىلىكنى پەقەت يالغۇزلۇق ھېسسىياتى يوقالغان سىرتقى دۇنيادىن ئىدراكى ھالدا ئايرىلىشلا يېڭەلەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاشۇ سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلغان ۋە يوقالغان.

ھەرخىل ياش ۋە ھەرخىل مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر ئوخشاش بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دۇچ كەلدى: قانداق قىلىپ يالغۇزلۇقنى يېڭىمىز،ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، قانداق قىلىپ بىر شەخس ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىن ھالقىپ چىقىپ بىرلىك تاپىمىز. بۇ سوئال دەسلەپكى ئۆڭكۈردە ياشىغان ئادەملەرگىمۇ، ئۇلاغلىرىغا قارايدىغان مالچىغىمۇ، مىسىردىكى دېھقانغىمۇ، فونىيەلىك سودىگەرگىمۇ، رىملىق ئەسكەرگىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى راھىبقىمۇ، ياپونىيەلىك ساموراي‌غىمۇ، ھازىرقى زاماندىكى دۇكانچىغىمۇ ھەمدە زاۋۇتچىغىمۇ ھەممىسىگە ئوخشاش. بۇ سوئال ئوخشاش، چۈنكى ئۇ ئوخشاش بىر تۇپراقتا پەيدا بولۇپ تارقالغان: ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شارائىتى. بۇ سوئال ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇ سوئالغا ھايۋاناتلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ياكى ھەربىيلەرنىڭ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇشى، قىممەت باھالىق بويۇملارغا بولغان ئۆز مەيلىچە بېرىلىشى، ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆز نەپسىدىن كېچىشى، مەجبۇرىي ھالدا خىزمەت قىلىشى، سەنئەت جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىشى، تەڭرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جاۋاب بېرەلەيدۇ. يەنە نۇرغۇنلىغان جاۋابلار بار - ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىنسانلار تارىخىنىڭ خاتىرىلىرى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر بىرى مەركەزگە ئەمەس بەلكى ئەتراپتىكى كىچىك ئوخشىماسلىقلارغا سەل قارايدىكەن ئۇ بېرىلگەن جاۋابنىڭ تولىمۇ چەكلىك، ھەم پەقەت ئاشۇ ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتتە ياشىغان ئادەملەرنىڭلا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى بايقايدۇ. دىن ۋە پەلسەپەسىنىڭ تارىخى دەل شۇ جاۋابنىڭ،ئۇلارنىڭ ھەرخىللىقىنىڭ ۋە سانىنىڭ چەكلىكلىكىنىڭ تارىخى. مەلۇم دەرىجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ جاۋاب بىر شەخس يەتكەن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بوۋاق بالىدا ئۆزلۈك يېتىلىدۇ، بىراق بەك ئاز يېتىلىدۇ؛ ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ئانىسى بىلەن بىر دەپ ھېس قىلىدۇ، ئانىسى يېنىدا بولسىلا يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ يالغۇزلۇق ئېڭى ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا تەن جەھەتتىن يېقىن تۇرۇشى، يەنى ئانىسىنىڭ كۆكسى ۋە تېرىسىنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇشى تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ. كىچىك بالىنىڭ يالغۇزلۇق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق ئېڭى پەقەت ئانىسىنىڭ تەن جەھەتتىكى يېقىنلىقى يېتەرلىك بولمىغان چاغدىلا ئاندىن تەرەققىي قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا يالغۇزلۇقنى يېڭىدىغان يېڭى يوللار ھاسىل بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئىنسانلار بوۋاق مەزگىللىرىدە ئۆزىنى تەبىئەت بىلەن بىردەك ھېس قىلىدۇ. تۇپراق، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر يەنىلا ئىنسانلارنىڭ دۇنياسى. ئۇ ئۆزىنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش تاشقى قىياپەت ۋە تۇتېم ھايۋان ياكى ھايۋان ئىلاھنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئىنسانلار ئىرىقى باشتىكى باغلىنىشتىن قانچە ئايرىلغانسېرى، ئۇلار ئۆزىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن شۇنچە يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يالغۇزلۇقتىن قېچىش تەشنالىقىمۇ شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ.

(داۋامى بار)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى پىسخولوگ سەمىرە ئەركىئۇيغۇر (تۈركىيە)

# «قازان بېشىدىن ئۈزايدىغان» مېھمانلار

مىرزەخمەت مۇھەممەت (شىۋېتسىيە)

كۈز ئايلىرىدا سارغىيىپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەن گۈزەل شەھەر ستوكھولم كوچىلىرى ماڭا خاتىرەمدىكى مول ھوسۇل شادلىقىغا تولغان ئىلىنى ئەسلىتىدۇ. ئىلى ۋادىسىدا ھەر يىلى كۈز ئايلىرىدا دېھقانلار ئاشلىقلىرىدىن، باغۋەنلەر مېۋىلىرىدىن ھوسۇل ئالسا، چارۋىچىلارنىڭ ماللىرى تاغدىن سەمىرىپ كېلەتتى، ھەممە ئۆيلەردە ئۆزىگە يارىشا ئەلۋەكچىلىك بولۇپ كىشىلەر چېھرىدە شادلىق جىلۋە قىلاتتى. مول ھوسۇل شادلىقىغا ئەگىشىپ ھەر خىل توي - تۆكۈنلەرمۇ مۇشۇ كۈز ئايلىرىدا كۆپلەپ ئۆتكۈزۈلەتتى. رېستوران مەدەنىيىتى ئومۇملىشىشتىن بۇرۇن توي ۋە نەزىرلەر ئۆيلەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا شۇ مەرىكىنىڭ ئاساسلىق تامىقى بولغان پولۇ ياكى قورداقنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ھويلىنىڭ خىلۋەت جايىغا ئېسىلغان داش قازاننىڭ ئەتراپىدا بولاتتى. كالا ياكى قوي سويۇۋشقا قاسساپ، تاماق ئېتىشكە ئاشپەز بېكىتىلگەندىن كېيىن ساھىبخانىنىڭ خوشنا - خولۇملىرى، ئاغىنە - دوست بۇرادەرلىرى سەۋزە ئاقلاش ،قەلەمچە قىلىش، گۆش پىشۇرۇش، گۆش پارچىلاش، گۈرۈچ يۇيۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا ياردەملىشىپ، قازان بېشىنى ئاۋات قىلىۋېتەتتى. بىر كۈن بۇرۇن قىلىنىدىغان بۇ تەييارلىق ئىشلار تۈگەپ ئەتىسى بامداتتىن يېنىپ كېلىدىغان جامائەت بىلەن بۇ مەرىكىلەر باشلىنىپ كېتەتتى. مېھمانلار ئۆيگە باشلىنىپ، قولىغا سۇ ئېلىنىپ، داستىخان سېلىنىپ، چاي قۇيۇلۇپ مېھمانلار ناشتا قىلغاندىن كېيىن ئاش تارتىلىپ تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ قولىغا قايتا سۇ ئېلىنىپ ئاندىن ئۈزىتىلاتتى. سەھەر بامداتتىن كەچ خۇپتەنگىچە بۇ قازان بېشىدا ئادەم ئۈكسۈمەيتتى. خىزمەت قىلىشقا بەلگىلەنگەنلەردىن باشقا يەنە بىر قىسىم كىشىلەرمۇ قازان بېشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا ئاجايىپ قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ ئۇلارنى زېرىكتۈرمەيتتى. ئاشپەزلەرمۇ بۇ قىزىقچىلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنى قازاننىڭ ئاستىدىكى مەررە گۆش بىلەن مېھمان قىلىپ تۇراتتى. ھەر بىر مەھەللىدە بىر ئىككىدىن مەرىكىگە كېلىپ ئۆيگە كىرمەي قازان بېشىدىلا ئۈزايدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ جامائەت بىلەن ئۈزىغاندىن كۆرە قازان بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۈزاش بىرئاز ئەركىنرەك تۇيۇلاتتى. قازان بېشىدا كۈلكە - چاقچاقلار ئەركىن قىلىنغاندىن باشقا ئاشپەزنىڭ مەررە گۆش مەرھەمىتىگە ئېرىشىشتەك ئالاھىدە پۇرسەتلەرمۇ بار ئىدى. ئەمما قازان بېشىمۇ كۆپۈنچە ھاللاردا ئاشپەز، گۆش تۇتقۇچىلار تەرىپىدىن يوشۇرۇن كونتۇرۇللۇققا ئېلىنغاچقا، خالىغان كىشىلەرنىڭ قازان بېشىغا كېلىشىگە يول قويۇلمايتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ دىتىغا ياقمايدىغانلار قازان بېشىغا كېلىپ قالسا - ھە قېنى، ماۋۇ مېھماننى ئۆيگە باشلاڭلار دەپ ھە - ھۆ بىلەن ئۇ كىشىنى ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ چىقاتتى. بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەن نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى بىلىدىغان، گەپلىرى يۇمۇرىستىك قىزىقچى ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئاشپەزلەر ئۇلارنى قازان بېشىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ گەپ تىڭشىغاچ چۈشتىن بۇرۇن ئەرلەرگە، چۈشتىن كېيىن ئاياللارغا بىر قازاندىن پولۇنى ئوخشىتىپ ئېتىپ نەچچە يۈز مېھماننى يولغا سالاتتى. بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ غۇپۇر ئىسىملىك قىزىقچى ئادەم بولۇپ ئۇ كىشى مەھەللىمىزدىكى مەرىكىلەردە قازان بېشىدىن ئۈزايدىغان مېھمانلارنىڭ بىرى ئىدى.چۈنكى ئۇنىڭ گەپلىرىگە مەھەللىدىكى ھەممەيلەن ئامراق بولۇپ نەلەردىن تاپىدىكىن ھەر قېتىم ئاجايىپ يېڭى ھەم قىزىق گەپلىرى بىلەن قازان بېشىدا خىزمەت قىلغانلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەتتى. بىر قېتىم قوشنىمىزنىڭ قىز تويىدا ئاياللارغا پولۇ بېسىۋاتقان شاكىر ئىسىملىك ئاشپەز غۇپۇركامنىڭ گېپىگە بېرىلىپ كېتىپ ئاشنى شاكىراب قىلىپ قويۇپ «شاكىر شاكىراب» دېگەن لەقەمگە ئىگە بولۇپ ئاشپەزلىكتىن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىدى.

بىر قېتىم غۇپۇركام قازان بېشىدا بىزگە بۇرۇن چاقچاقچىلارنىڭ لەقەمنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزئارا چاقچاقلىشىدىغانلىقىنى دەپ مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. مەھەللىمىزگە يېزىدىن تەكشۈرۈشكە كەلگەن كادىرلار گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا بىر سورۇن ھازىرلاپ مانتا، پولۇ قاتارلىق تاماق تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئالغان1 - گۇرۇپپا باشلىقى مەھەللىمىزدىكى ئوتتۇز ئوغۇلغا كۆپ ئارىلاشمايدىغان ساددىراق بىر ھارۋىكەشنى 2 - گۇرۇپپىدىن قاسقان ئەكىلىشە بۇيرۇپ قويۇپ گۇرۇپپا ئىشخانىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ھارۋىكەش ئاتنى ھارۋىغا قېتىپ بولۇپ قاسقاننى قەيەردىن ئەكېلىدىغانلىقىنى سوراپ ئىشخانىغا قايتا كىرىپتۇ. غۇپۇركام ھارۋىكەشكە قاسقان كەنت باشلىقى توختىنىڭ ئۆيىدىكەن دەپ قويۇپتۇ. ھارۋىكەش دەل چۈشكە ئۈلگۈرۈپ توختىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى ئون نەچچە كادىر توختىنىڭ ئۆيىدە ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ئولتۇرغان ئىكەن، ھارۋىكەش شۇلارنىڭ ئالدىدىلا « گۇرۇپپا باشلىقى مېنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكى قاسقاننى ئەكەل دەپ ئەۋەتتى» دەپتۇ. توختى دېگەن كەنت باشلىقىنىڭ لەقىمى «قاسقان» بولغاچقا ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. توختى قىزىرىپ - تاتىرىپ ھارۋىكەشكە: «قاسقان كېرەك بولسا كەنتنىڭ ئاشخانىسىغا بارمامسەن قاسقان مېنىڭ ئۆيۈمدە نېمىش قىلىدۇ » دەپتۇ.

بىراق كادىرلار توختىنى ئوخشىتىپ ئۆيدىن قىقاس چىقىرىۋېتىپتۇ.ئۇزۇن ئۆتمەي كەنت باشلىقى توختى 1 - گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىق ئەمەلىدىن ئېلىۋېتىپتۇ.

غوپۇركاملارنىڭ ئەلى ئىسىملىك بىر ئاغىنىسى ئولتۇرۇشلاردا كىگىزچىلەرنىڭ يۇڭ ئاتىدىغان دۇكىنىنى مۇشتا بىلەن ئۇرغاندىكى ئاۋازنى دوراپ قىزىقچىلىق قىلىدىغان بولىۋاپتۇ، بىر كۈنى غوپۇركام ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرسا قوشنا مەھەللىدىكى بىر دېھقان تونۇشى ئات ھارۋىسىغا ئىككى تاغار يۇڭنى بېسىپ كېلىپ قاپتۇ . « نەگە ماڭدىڭ » دەپ سورىسا «يېزا مەركىزىدىكى پاختا دۇكىنىغا » دەپتۇ ئۇ كىشى. «ۋاي نېمە قىلارسەن يىراق يەرگە بېرىپ، ماۋۇ تۆۋەن كوچىدىكى ئەلىنى تونۇيسەنغۇ ھە شۇنىڭكىگىلا بارساڭ يېرىم سائەتتىلا بۇ ئىككى تاغار يۇڭنىڭ توپىسىنى تۇرپانغا ئۇچۇرۇۋېتىدۇ» دەپتۇ غوپۇركام.

ھايال ئۆتمەي ھېلىقى دېھقان ئەلىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. ئەلى دەرۋازىنى ئاچسا ھېلىقى دېھقان «ماۋۇ يۇڭلارنى ئاتقۇزاي دەپ كەلگەن ئىدىم» دەپتۇ. ئەلى سەل ھەيرانلىقتىن كېيىن بۇنىڭ ئاغىنىلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان چاقچاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ دېھقاندىن سوراپتۇ: « سىزگە كىم مېنىڭ يۇڭ دۇكىنى ئاچقانلىقىمنى دەپ بەردى؟». « ھە ماۋۇ يۇقىرى كوچىدىكى غوپۇر».

ئەلىمۇ دېھقانغا چاندۇرماي «دۇكانىنىغۇ ئاچقان بىراق ئاخشام غوپۇرنىڭ جاۋىغا يۇڭىنى ئاتىمەن دەپ دۇكاننى بۇزۇۋالدىم» دەپ دېھقاننى يولغا ساپتۇ. «غوپۇركامنىڭ لەقىمى جاۋغا ئىدى».

غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقاچقا بىزنىڭ مەھەللىدىكى غوپۇركامدەك پاراڭچى، خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن يۇرت چوڭلىرى خېلى كۆپ بولۇپ ماخمۇت جەرەن، ئابلەت ئاگاتوپ، غوجىئەخمەت ۋاسىل، ئابدۇكېرىم تامچى قاتارلىقلارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا قازان بېشىدىن ئۇزايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ گەپدانلىقى، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ موللىقى، قىزىقچىلىقى ۋە خالىس، سېخىيلىقى بىلەن شەھەر خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن سۆيۈملۈك كىشىلەر ئىدى.بۇنداق كىشىلەرنىڭ قازان بېشىدا تۇرۇپ بېرىشى ئۆي ئىگىسىگە مەدەت بولۇپ، ئۇلار جامائەت ئىچىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىمۇ ئاقىلانىلىق بىلەن ھەل قىلاتتى.

بىر قېتىم غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدىكى بىر تويدا غوجىئەخمەت ۋاسىل بىر ياشنىڭ دادىسى بىلەن ئازارلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. غوجىئەخمەت ئاكا 17 ، 18 ياشلار چېغىدا دادىسى بىلەن مازار يېزىسىنىڭ توقاي مەھەللىسىدە ئۈگۈت قىلىنغان بۇغداينى تۈگمەنگە ئېلىپ ماڭغاندا يولدىكى كۆۋرۈكنى كەلكۈن ئېلىپ كېتىپتۇ. دادىسى ئات ھارۋىنى ساسلىققا ساپتۇ. ھارۋا پاتقاققا پېتىپ بۇغداي سۇغا چېلىشىشقا ئاز قالغاندا، دادىسى بىر تاغار بۇغداينى ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ قويۇپ ھارۋىنى پاتقاقتىن چىقىرىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا غوجائەخمەتكام پاتقاققا بەلگىچە چۆكۈپتۇ. ئۇ دادىسىغا: «دادا مەن پاتقاققا چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن » دېسە، دادىسى «سېنىڭ پاتقاق بىلەن نېمە ئىشىڭ، بۇغداينى سۇغا تەگكۈزمە» دەپ ۋارقىراپتۇ.

دادىسى ئات ھارۋىنى پاتقاقتىن چىقىرىپ ئاندىن بۇغداينى ۋە ئوغلىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا غوجائەخمەتكام ئىچىدە «مەن چۆكۈپ كېتىۋاتسام دادام بۇغداينىڭ غېمىدە» دەپ قاتتىق رەنجىپتۇ. كېيىن غوجائەخمەتكاممۇ دادا بولۇپ بىر ئۆينىڭ تۈرخۈنىدىن ئايرىم ئىس چىقىرىشقا باشلىغاندا ئاندىن دادىسىنىڭ تۈگمەن سەپىرىدە ئۆزىگە مەسئۇلىيەتتىن بىر قېتىملىق دەرس بەرگىنىنى چۈشىنىپتۇ. ھەم دادىلاردىن بىھۇدە ئاغرىنماسلىقنى، ئۇلارنىڭ ھەر دائىم بىر ئىشنى ئويلاپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھېلىقى ياشنى قايىل قىلغان ئىدى. شۇندىن كېيىنمۇ ھەم «سېنىڭ پاتقاق بىلەن نېمە ئىشىڭ» دېگەن گەپ مودا بولغانىدى بۇنىڭدىن خەۋىرى بار كىشىلەر ئارىسىدا.

يۇرت ئىچىدىكى بەزىبىر ناچار ئىشلار، بەزى ئائىلىلەردىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ مۇشۇنداق قازان بېشىدىن ئۇزايدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ قولى بىلەن قازان بېشىدا يەڭ ئىچىدىلا ھەل بولاتتى، ھەتتا بۇزۇلۇش ئالدىدىكى تويلارمۇ ئوڭشىلىپ، ئاجرىشىدىغان ئەر - خوتۇنلارمۇ ئىسسىق ئۆيىنى تۇتۇپ قالاتتى.

شۇ چاغلاردا بۇ كىشىلەرنىڭ گەپلىرىنىڭ يۇمۇرىستىك تەرىپىگە قىزىقىپ كۈلگەن بولسام بۈگۈن بۇ گەپلەرنىڭ تەكتىگە يوشۇرۇنغان قىممەتلىك ئۈگۈتلەردىن ئوزۇق ئېلىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ بەزى كىشىلەردىكى ناچار ئىللەتلەرنى يۇمۇرىستىك تىل بىلەن تەنقىدلەپ، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشىغا خالىسانە تۆھپە قوشقان، جامائەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىشىپ، رىشتىمىزنى بىر- بىرىمىزگە چىڭ باغلىغان، كۆڭۈلنى ياشارتقۇچى چاقچاقلىرى بىلەن ئاكتىپ كۈچ ئاتا قىلىدىغان ئېسىللىرىمىز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىۋاتىمەن. مانا بۈگۈن يېشىم ئەللىكتىن ئېشىپ ھاياتنىڭ بەزى پەلسەپەلىرىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندا ھەر بىر مەھەللە ۋە يۇرتلاردىكى ئۆزىنىڭ ئېسىللىقى، سېخىيلىقى بىلەن خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مۆتىۋەرلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىب ئىكەنلىكىنى بىلدىم ھەم ئۇلارنى چەكسىز سېغىندىم.

# مەن سېنى سۆيگەن ئىدىمغۇ. . .

(ھېكايە)

تېلمان نۇراخۇنوۋ (قازاقىستان)

– ۋاي، جان!!! ۋاي، خۇدايىم! مەڭسۇر، تۇرۇڭ، ئۆيگە ئوغرى چۈشتى! ۋاي قانداقمۇ قىلارمەن!!! – مايسىخاننىڭ ۋاي سېلىپ چىقىراپ ، ئۆيىنىڭ تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ئۇخلىسا، ئۆلۈك ئادەم سىياقىدا ياتىدىغان مەڭسۇر چۆچۈپ ئويغانغىنى بىلەن ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي، ئاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. – دېرىزىدىن بىرى تاش ئاتتى دەۋاتىمەن. ۋاي، ئەلەم! بۇ نېمە قىلغۇلۇقتۇ! قايسى ئوغرىنىڭ ئىشىدۇ؟! بېشىڭنى يېگۈر، توخۇ پوقىلارەي! – ھېلىدىن ھېلىغا ئېغىزى بېسىلمايۋاتقان مايسىخاننىڭ مۈرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان قارا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىنى پۈتۈنلەي توسۇۋالغانىدى . ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، خوتۇنىنىڭ مۇشۇ چىرايىنى كۆرگەن مەڭسۇرنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. – ۋۈي، خوتۇن! نېمانچە چىرقىرايسەن . دۇنيانى بېشىڭغا كىيىپسەنغۇ! – تېرىكتى ئۇ.

– تووۋا قىلدىم، خۇدايىم! ئۆيگە قارىغىنە، مانا مۇنۇ تاشقا قارىغىنە! تالادىن ئېتىپ، دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى. كىمنىڭ قىلغىنىدۇ بۇ؟! ئانىسىنىڭ چۇقان سېلىشىدىن، ئارىلىقى بىر ياش كىچىك، چۆچۈرىدەك قىزى بىلەن ئىككى ئوغلى يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىدى ، ئۇلارنى قانتىنىڭ ئاستىغا ئالغان مايسىخان ئۆپكىسىنى ئارانلا باستى. كەنجىسى ئانىسىنىڭ بۇزۇلغان چىرايىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن يىغلاۋاتاتتى . مەڭسۇر نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى. پۇتىغا كالىچىنى سۆرەپ ھويلىغا چىقتى. ھويلىنىڭ چىرىغىنى يېقىۋېدى، تۇرۇپ-تۇرۇپلا يوقاپ كېتىدىغان قانجۇق پىستە ئىتى ئىشىك ئالدىنى چۆرگۈلەپ ، غىڭشىپ يۈرۈپتۇ . مەڭسۇرنىڭ قورۇسىدا كۈچۈك ۋاقتىدا ئاللىقاياقلاردىن پەيدا بولۇپ قېلىپ، باللىرى ئۇنى كالا سۈتىگە نان چىلاپ بېرىپ بېقىۋالغانىدى. ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان كۈچۈكنىڭ يېشى ئۇلغايغىنى بىلەن ئۆزى يوغانىمىدى. ھەتتا ھويلىغا يات كىشىلەر كىرىپ قالسىمۇ، قاۋاپ قويمايدىغان بىر جانىۋار ئىدى . ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى مال قورۇسىغا قارىدى. ئۇ تەرەپتىن قويلىرى بىلەن سىيىرنىڭ پۇشقۇرۇشى ۋە مەرىشىپ-مۆرەشلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە ئاڭلانمىدى. ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا تۇرغاندەك بىلىندى ئۇنىڭغا. ھويلىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ، توغرىسىغا ياتقان كوچىغا نەزەر سالدى. ئاينىڭ كۈمۈش نۇرى يېيىلىپ، بۇ كوچىنى تۈن يېرىمىدا غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. يىراقتىن ئاق كېپەنلىك بىرى ئالدىراش كېتىپ بارغانلىقىنى بايقىغان مەڭسۇر، ئۇنىڭ ئىنچىكە ئاۋازدا «ھا-ھا-ھا-ھا» دەپ كۈلۈپ، بىردە مەخلۇق مىسالىدا بىر نەرسىلەرنى دەپ «چىر-چىر» چېقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ياق-بۇ ياقتىكى قوشنىلار مايسىخاننىڭ ئەندىشىگە تولغان دات-پەريادىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، پەنجىرىنىڭ پەردىسىنى قىيا ئېچىپ، قاراپ قويغىنى بولمىسا، تاقىۋالغان ئىشىكىنى ئېچىپ، ئەھۋال سوراپ بىرەرسى چىقمىدى.

– ۋاي، ئاللاھ ! يىلان كىرىۋاپتۇ ئۆيگە! مەڭسۇر، نەدە سىز! يىلان چاقىدىغان بولدى. ۋاي، ئۆلىدىغان بولدۇق! – ئۆيىنىڭ ئىچكىرىدىن يېڭىباشتىن مايسىخاننىڭ دەرد-پەريادى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازىغا باللىرىنىڭ تووۋلاشلىرى جور بولۇپ، يۈرىكىگە ئەمدى سۈرلۈك قورقۇنچ ئۇچقۇنىنى سەپتى. بالا-چاقىسى تەشۋىشكە چۈشۈرۈۋاتقان ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە غۇژمەك بولۇپ، قۇچاقلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. يەردىكى ئالا-يېشىل گىلەمدە چوكىدەك بىر يىلان بېغىرلاپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا تاقىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. مەڭسۇر پۇتىدىكى كالىچىنى سېلىپ، پانا ئىزدەۋاتقان يىلاننى ئۇرۇپ، مىجىقىنى چىقاردىدە، قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ، تالاغا تاشلىۋەتتى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ ئۆيدە يېرىم كېچىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق ھەم تەشۋىش جىمىپ قالدى. باللىرىنى بەزلەپ ئۇخلاتقان مايسىخان ئورنىغا كېلىپ ياتتى. لېكىن چىراغنى ئۆچۈرمىدى . ئۇ ئۇ ئۇڭ ئالىقىنى بىلەن يۈرىكىنى بېسىۋېلىپ، ھېلىدىن ھېلىغا «ئۇھ» تارتىپ قوياتتى. مەڭسۇر كارىۋاتنىڭ قىرىدا بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرددە، تالاغا چىقماقچى بولۇپ، چىراغنى ئۆچۈردى .

– چىراغنى ئۆچۈرمەڭ، – مايسىخاننىڭ تىنىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چىراغنى يېڭىباشتىن ياندۇردى. ئاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدىكى بەلدىڭگە كېلىپ ئولتۇردى . ئاقتاشلىق يېزىسىنىڭ يازلىق ئاخشىمىدا ئاسمان سۈتتەك ئوچۇق ئىدى. جىلۋىلىنىۋاتقان يۇلتۇزلار مانا-ئەنە ئاسماندىن زېمىن قوينىغا تۆكۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. كائىناتنىڭ قوينىدا كۈمۈش ئاي ئاستىلاپ ئۈزۈپ يۈرىدۇ. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامال ئۇنىڭ تەن-بەدىنىنى سىيپاپ ئۆتتى. ئەتراپ جىم. كوچىنىڭ ئىككى قانىتىغا تىكىلگەن سۇۋادانلار بۇ كوچىغا يارىشىپ، كۈندۈزى سۆلەت تۆكۈپ تۇرغىنى بولمىسا، كېچىسى تەۋرەتكەن شامالنىڭ قۇدرىتى سۈرلۈك بىر ھالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ قويغاندەك بىلىندى.

***

ئاقتاشلىقتىكى ئاق تاشلارنىڭ داڭقى يېزىنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ ، يىراقلارغا يەتكىنىگە ئۇزۇن زامان بولدى. ئاسمان-پېلەككە بېقىپ، كۈندۈزى كۈننىڭ شەپىقىنى ئېمىدىغان، كېچىسى جىلۋىلىگەن يۇلتۇزلارغا، ئاينىڭ غۇۋا، سوغۇق نۇرلىرىنى زېمىنغا بېغىشلاپ،

يەرنى مۇزلىتىدىغان يوغان ئاق تاشلار يېزىنىڭ سىرتىدا ئوڭتەي-توڭتەي چېچىلغان. پەقەت زېمىنىنىڭ كۆز يېشى مىسالىدا ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سوپ-سۈزۈك بۇلاقنىڭ قويىنىدا قالغان مونچاقتەك ئاق تاشلىرى سۇنىڭ بىر خىل ئېقىشى بىلەن ئۆتكەن ۋاقىت جەريانىدا سىلىقلىنىپ، يالىنىپ ياتاتتى. يېزىدىكى قېرى-چۆرە، مويسىپىتلەر ئاشۇ تاشلارنى، نېمىشقىدۇ ، ئادەملەردىن قىزغانغاندەك، باشتا ھېچكىمگە ئالغۇزمىغان. كىچىك باللارنىلا ئەمەس، بەلكى چوڭلارنىمۇ ئەيمەندۈرىدىغان «بۇ ئاق تاشلارغا ئۇزاق قاراپ تۇرسا، تاشنىڭ رەڭگى كۆزگە ئىلىنىپ، كۆزنىگە ئاق چۈشۈپ قالىدۇ. قولىغا تۇتسا، پېسى ئاغرىقىغا دۇچار بولىدۇ» دېگەن گەپلىرى ھەممىنى چۆچۈتۈپ قويغان. لېكىن شەھەر ۋە باشقا يېزىلىق يات كىشىلەر، ھاياتنىڭ ئاق-قارىسىنى بىلىدىغان شۇ مۆتىۋەرلەرنىڭ گېپىنى قۇلاققا قىسمىدى. ئارقا-ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يولۇچى-ساياھەتچىلەر ئۇششاق ئاق تاشلارنى خالتا-خالتىسىدا سېلىپ كېتىدىغان بولۇۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەر بازارلىرىدا مۇشۇ ئاق تاشلارنىڭ خۇنى بەكمۇ قىممەتلەپ، بازىرى ئىشتىك ئىكەنمىش. پال ئاچىدىغانلار ۋە زەرگەرلەر زور خۇمارلىقى بىلەن ئاق تاشلارنى بۇلاپ-تالاپ سېتىۋالغۇدەك . ئاقتاشلىقلارنىڭ بىرەرسى بۇنىڭ شۇ قەدەر بىباھا ئىكەنلىكىنى كۆرمىسىمۇ، يېزىسىنىڭ داڭقى-شۆھرىتى خېلى يەرگە يەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇشاتتى. قانچە كىشى كېلىپ، مۇشۇ تاشلارنى يىغىپ ئەكەتكەنلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىۋاتقان ھېچكىم يوق. ئاقتاشلىقتا توي-تۆكۈن، ياكى ئۆلۈم ۋە نەزىر-چىراغلار ھەر كۈنى بولىۋېرىمىگەچكە ، يېزىنىڭ خوتۇن-قىزلىرى ئەپكەش كۆتۈرۈپ ، ئەر-يىگىتلىرى ئېشىكىگە تۇڭلارنى ئارتىپ «مۆلدۈر بۇلاققا» كېلىشەتتىدە، نۆۋەتلىشىپ سۇنى چېلەكلىرىگە، تۇڭلىرىغا تولدۇرۇپ ، پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. «مۆلدۈر بۇلاقنىڭ» يولىنى يادقا ئېلىۋالغاندەك كېلىۋاتقان ئېشەكنى مەڭسۇر ئارىلاپ-ئارىلاپ «چۇ، ھارىمى» دەپ تىللاپ قويمىسا، ئۇ جانىۋار يولىدىن بېشىنى قايرىغىنى يوق. بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلگەن مەڭسۇر، ئۇنى چۆرىدىشىپ تۇرغان بەش-ئالتە خوتۇن-قىزلارنى يىراقتىنلا كۆرگەن. بەزىلىرى ئەپكەشلىرىنى چېلەكلىرىدىن ئايرىپ، يەرگە قويغان. ئىككى ئايال مۇرىسىدىن چۈشۈرمەي ، بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا تولغىنىپ، چېلەكلىرىنى ھاۋادا لەيلىتىپ ئوينايتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپلا پاراق-پاراق كۈلۈشۈۋاتقان شۇ خوتۇن-قىزلارنىڭ سۆزلىرى يىراقتىن مەڭسۇرگە ئاڭلانمايتتى .. بۇ مەزگىل قۇياشنىڭ ئولتۇرۇپ ، ئۇپۇقنى «قانغا» بوياۋاتقان پەيتى ئىدى . ئۇنىڭ ئېشىكى «مۆلدۈر بۇلاققا» يېقىنلىشىپ كېلىپلا، تۇيۇقسىز ھاڭرىۋەتتى .

– تۇۋۋا، مەڭسۇرجان، بېشىڭدىكى ئوينى ئېيتالماي، ئېشىكىڭگە ئىزھار قىلىشنى ئۆگىتىپ قويدۇڭمۇ نېمە؟!
– دەپ جاراڭلىق ئاۋازدا سۆزلىگەن نۇربۇۋىنىڭ گېپىگە چوڭ-كىچىك خوتۇن-قىزلار چۇرقىرىشىپ كۈلۈشتى. مەڭسۇرنىڭ چىرايى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

– مال ئىگىسىنى دورىمىسا – ھارام دېيىشىدۇ. بىزنىڭ مەڭسۇر ئوتتۇزغا كەلگىچە، ئۆچ بالىنى تاپقان ئوغۇل بالىدە! – ھا-ھا، ھى-ھى. ئاقتاشلىقنىڭ خوتۇن-قىزلىرى ناھايىتى خۇش كۆڭۈل. ئۇلارنىڭ تەققى-تۇرقى، چىراي-شەكلىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قويۇق قاشلىق، بەدەنلىرى تولۇق، داۋخان تۇسىدىكى قارا قوڭۇر چاچلىرىنى ئىككىگە ئۆرۈپ، بىرىنى دۈمبىسىگە، بىرىنى مەيدىسىگە تاشلاۋاتاتتى . يېزىنىڭ ئاياللىرى شايى ماتاسىدىن تىكىلگەن كۆينەكلەرنى كىيىشكە خۇشتار. ھازىرمۇ بۇلاق ئەتراپىدا چۆگىلىشىپ تۇرغان جۇۋانلارنىڭ ھەممىسى ھەرخىل رەڭلىك شايىدىن كۆينەك ۋە ھوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان تامباللارنى كىيىشكەن. لەۋلىرى جېنەستىدەك سۈزۈك قىزىل. ئاياللاردىكى بۇ خىل سۈپەتنى مانا مۇشۇ ئۇرغۇپ، ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان «مۆلدۈر بۇلاقنىڭ» پاك سۈيىنى ئىچكەنلىكتىن دەپ سەۋەب قىلىشاتتى.

– ۋىيەي، شۇمۇ گەپمىكەن. ئاقتاشلىقنىڭ ھەربىر يىگىتىنىڭ قۇۋۋەت -قۇدرىتى يەتمىشتىن ئاشسىمۇ، زادى تۈگىمەيدۇ ، – دېدى مەستۇرەم ئىسىملىك ئەللىك ياشلارغا تاقاپ قالغان ئايال. ئۇ ئاۋاكرى شۆلگەينى نەزەرىدە تۇتۇۋاتاتتى. ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش كىچىك، تۇل قالغان زوبەيدەگە ئۆيلىنىپ، بىر يىلدىن كېيىن خوتۇنى قىز تۇغۇۋالدى. ئاياللار مەستۇرەمنىڭ گەپلىرىگە يەنە كۈلۈشتى. خوتۇن-قىزلار بۇلاقنىڭ ئۇ چېتىدە، مەڭسۇر بۇ چېتىدە تۇراتتى.

– مەرھەمەت، گۈزەل قىزلار! مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ خىجالەتتىن چىقىشقا تەييار، – دېدى مەڭسۇر. ۋۇجۇدىدا ئاللىقاياقلاردىن پەيدا بولغان غايىۋانە كۈچ تەسىرىدە جانلىنىپ، جاۋاب بېرىشكە باشلىدى ئۇ. ئاياللار چۇقان سېلىشىپ، يەنە كۈلۈشتى. بۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئاقتاشلىقلارنىڭ ھاللىق ھېسابلىنىدىغان ئىسلامبەگنىڭ قىزى ئايشىگۈلمۇ بار ئىدى . ئەندىلا ئون ئالتە ياشقا تولۇپ، پەرى مىسالىدا قەددى-قامىتى زىلۋالىشىپ كەتكەن بۇ قىز، ئۆزىدىن بىر قانچە ياش چوڭ ئاياللارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرى قىزىدى. بولۇۋاتقان گەپلەردىن ئۇيۇلۇپ ، كۆزىنى يەرگە قارىتىۋاتاتتى . مەڭسۇرنىڭ بارلىق دىققەت-ئېتىبارى ئايشىگۈلگە چۈشتى.

– مايسىخان ھەر كېچە ئاۋارە قىلىۋەرسە، ماغدۇرۇڭمۇ قالماس، – دېگەن ئاياللارنىڭ چاقچاق پاراڭلىرىمۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. مەڭسۇر ئېشىكىگە ئارتىۋالغان تۇڭلارنى چۈشۈرۈپ ، بۇلاقنىڭ يېنىغا قويدى.

– خەپ، – دېدى ئۇ خۇرسىنغان ھالدا، – چۆمۈچنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مۇشۇ مايسە... ئىشنى چالا قىلىدىغىنىچۇ؟!

– بۇلاقنىڭ سۈيىنى سومۇرۇۋېلىپ ، ئېغىزىڭغا قۇيۇپ بېرەيمۇ، – دېدى، – نۇربۇۋى لەۋلىرىنى سوزۇپ.

ئالدىغا كېلىۋاتقان ئايالدىن ئۆركۈپ، ئارقىسىغا سوقچۇپ كەتكەن ئۇ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ، يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاياللار يەنە كۈلۈشتى.

– ئەركىنگە ئېيتىمەن! – دېدى ئۇ كۆزىنى ئالايتىپ.

– ۋىي-يەي، مېنىڭ ئەركىنىم ساڭا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدۇ.

– بەربىر ئېيتىمەن. شوخ ئايال ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، نېرى كەتتى. شۇ ئارىدا ئايشىگۈل يېنىغا كەلدى: – مەڭسۇر ئاكا، مانا مېنىڭ چۆمۈچۈمنى ئېلىڭ، – دېدى تىنىق ئاۋازدا.

– سى...سىزچۇ؟ – دەلەلىدى ئۇ ئايشىگۈلنىڭ خۇمار كۆزلىرىگە قاراپ. بۇ كۆزلەر مەڭسۇرنىڭ يۈرۈكىگە ئوتنى ياقتى. بىر قەدەم مۇساپە شۇنچە يىراقتەك كۆرۈنۈپ، جېنەستە لەۋلىرىدىن ھەسەل ئاقىدىغاندەك بىلىندى. قولىنى نازىنىن قىزغا سۇنۇشقا تايىن تېپىۋدى، بەئەينى تارتىشىپ قالغاندەك ھالەتنى باشتىن كەچۈردى. ئايشىگۈل ئۇنىڭ بازغاندەك يوغان ۋە تۆمۈردەك قاتتىق قولىغا چۆمۈچنى تۇتقۇزۇۋېدى، ناھايىتى ئىللىق تۇيغۇلار دىلىدىن ئۇيغاندى. قىز قولىنى دەرھال ئارقىسىغا تارتتى.

– سىز تۇڭلىرىڭىزنى تولدۇرۇۋالغۇچە كۈتۈپ تۇرىمەن، – دېدى كۈلۈمسىرەپ. بۇ شەھلا كۆزلەر، بۇلبۇل گويا جاراڭلىق ئاۋاز شۇ دەقىقىدە مەڭسۇرنىڭ يۈرەك سوقۇش رىتىمىغا تەڭكەش بولۇۋاتاتتى...

***

ئاقتاشلىق يېزىسى ئېگىز-ئېگىز تاشلىق دۆڭلۈكلەرنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، خۇددى ئالەمنىڭ ئالىقىنىدا ئۇشتۇمتۇت ۋۇجۇدقا كېلىپ قالغاندەك، ياسالما شەكىلدە يالغۇز كۆرۈنەتتى. بۇ يېزىغا ئېلىپ بارىدىغان توپىلىق يول يېزا يوللىرىغا ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى دۆڭلۈكلەرگە كېلىپ ئۈزۈلىدۇ. دۆڭلۈكلەرنىڭ باغرىدا تىرناق مۆلچەرلىك ئۇششاق تاشلاردىن تارتىپ، تا ئاتنىڭ بېشىدەك ھەر يوغان ئاق تاشلار يەر باغرىدا ياتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يېزىنىڭ نامىنى «ئاقتاشلىق» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك، ئېھتىمال. يامغۇرى ئاز بۇ يېزىدا ياز قاتتىق ئىسسىپ كەتسە، زېمىنىنىڭ توپىسى ئۇنىغا ئايلىنىدۇدە، شامال چىقىپ قالسا، ئاسمانغا پۇرقىراپ كۆتىرىلىپ كېتەتتى. قىشتا ياققان قارلارنى شامال يەنە شۇ ئاقتاشلىقنىڭ دۆڭلىرىگە ھەيدەپ ، سوغۇق تولىمۇ ئەدەپ كېتىدىغان. شۇڭلاشقىمۇ ئاقتاشلىقلار يازدا «ۋاھ، نېمە دېگەن ئىسسىق بۇ» دېيىشىپ، تولىمۇ يېنىك ۋە تور شەكلىدىكى رەخت ماتالاردا تىكىلگەن كىيىم-كېچەكنى ياقتۇرۇپ كىيسە، قىشتا «پاھۇي، ئىت قاتىرايدىغان سوغۇققۇ بۇ» دېيىشىپ، قوينىڭ تېرىسى بىلەن يۇڭىدىن شىرىلگەن چاپانلارغا، تۇماقلارغا ئورىلىپ-يۆگىلىپ، پۇتىغا پىيما كىيىپ، قىشنى

چىقىراتتى. ئاقتاشلىقلارنىڭ تەڭدىن-تولىسى دېھقان. ئۇلارنىڭ نېنىمۇ، جېنىمۇ ئېتىز. ھەركىم ئۆز جېنىنى ئائىلىسى بىلەن بېقىۋاتقان زاماندا، بىر-بىرىگە بولغان قىزغىنلىشىمۇ يوق ئەمەس. «چۈجىنى كۈزدە سانىغاندا» ھوسۇلى مولراق چىقىپ قالغانلارغا، تازنىڭ بېشىغا پاختا چاپلىغاندەك ئۇنىڭغا ھوسۇلىغا نارازى بولغان ۋە بىر مەزگىلگىچە دۈمبىسىنى قارىتىپ يۈرىدىغان ئادەملىرىدىنمۇ خالى ئەمەس. «جىدەل ئۆيدىن باشلىنار» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ئەنە شۇ ھوسۇلدارلىقلارغا نىسبەتەن ھوسۇلسىزلىقلار مۇشۇ قۇتلۇق زېمىنىنىڭ دېھقانچىلىققا ئايرىغان يەرلىرىنى بۆلۈشكەندە، توغرا تەقسىم قىلىنماي، كۆز بويامچىلىق، قېرىنداشلىق-تۇغقانچىلىق يولىدا توغرىلاۋەتكەن دېيىشىپ، باي بولۇۋاتقان يۇرتداشلىرىغا كۆرەلمەسلىك تەنلىرىنى قىلىشاتتى. بولمىسا، تۇزۇم ئۆزگەرگەندىن كېيىن تېرىلغۇلۇق يەرنى بۆلۈپ بولغىنىغا نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ، كۆڭلى قالغان دېھقانلار بۇ پاراڭنى مۇشۇ كۈنگىچە كونا پايتىمىدەك سۆرەشتۈرۈپ يۈرەتتى . ئەنە شۇنداق يېرىم ياتىسى يېشىل، يېرىم ياتىسى سارغىيىپ، يەرگە ياپراقلار تۆكۈلۈۋاتقان كۈز ئېيى ئىدى . يېزا ھاكىمىيىتىنىڭ دائىم يىغىن ياكى يېزىلىق مۇراسىم ، چارە-تەدبىرلەرنى ئۆتكۈزىدىغان، كەڭ يەرنىڭ مەيدانىدا چوقچىيىپ تۇرغان يەككە-يالغۇز كۈلۈبنىڭ چوڭ زالىغا دېھقانلار يىغىلدى . قىزىل تۇسكە بويالغان ياغاچ تاختايلىق بەلدىڭلەرگە كىشىلەر لىققىدە تولۇپ ئولتۇردى . كىملەردۇ ئېتىزدىن قايتقان بولسا، كىملەردۇ ئۆيلىرىدىن چايلىرىنى ئىچىشىپ كەلگەن. ئەتىگەندىن بېرى تەرگە چۆمۈپ ئىشلىگەنلىكتىن تۆت دانە دېرىزىسى بار بۇ زال ئاچچىق تەرنىڭ پۇرىقىدا بىخسىپ كەتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بەزىلەر پايتىما يۆگەپ كىيگەن كەشىنى يېشىپ، قىزىپ تەرلىگەن پۇتلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇزۇلۇپ-ئۇزۇلۇپ كىرىۋاتقان شامالدا سوۋۇتقاندەك بولۇشاتتى. كۆممىقوناقچىلار بىر تەرەپ، كۆكتاتچىلار بىر تەرەپ، بۇغدايچىلار بىر تەرەپ بولۇشۇپ، ئېتىزدا بولغان ئىشلىرىنى، سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرىگە ئېيتىشىپ، گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلارنى قىلىشىۋاتقان، «خىر-خىر» كۈلۈشۈۋاتقان ئىدى . يېزا ھاكىمى نەزەرغوجا كىرىپ، سەھنىگە كۆتۈرۈلگەندىمۇ دېھقانلارنىڭ پارىڭى توختىمىدى. پەقەت ئۇ قولىدىكى قىزىل پاپكىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ، ئىككى قېتىم چۈشكۈرۈپ، بىر قېتىم قاقىلىۋالغاندىن كېيىنلا، پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قويۇلغاندەك ، يىغىلغانلار ئاستا-ئاستا جىم بولۇشقا باشلىدى. – يولداشلار، قېنى جىم بولايلى... بۇ يىغىنىمىزنىڭ باش مەسىلىسى ئورما -ئورۇم، يىغىم-تېرىمگە ئائىت بولماقچى، – دېگەن ھاكىم قىزىل پاپكىسىنى ئېچىپ، قويۇن يانچۇقىدىن قەلىمىنى ئالدى.

– مەيدىگە ئۇرغۇدەك ئەھۋال ئەمەسقۇ، – دېدى ئەللىك ياشلىق مەخسىم دېگەن ياغاق باش كىشى. ئۇ زالدىكى بەلدىڭلەرنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغاچقا ، ئالدىدىكىلەر دۈررىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاراشتى.

– ھەق پاراك، – دەپ ئەندى ئورنىدىن تۇردى ئۇ. – مەن نەچچە زاماندىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن. ئاسماننىڭ سۈيىدۈكى بىلەن ئېتىزنى سۇغىرىۋاتقان بولمىسام، ئېرىقتا لىققىدە ئاقىدىغان سۇ قەيەرنى، كىمنىڭ يېرىنى سۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى مەن بىلمەيمەنمۇ، يولداشلار!؟

– ھوي، مەخسىم، قاچانلا يىغىن بولسا، مۇشۇ گەپنى قىلىسەن، – ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرغان تارمۇشتەك ئېگىز بويلۇق، قويۇق قوشما قاشلىق ئىسمايىل ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزمەكچى بولدى.

– توختا قارىۋاي، ئالدى بىلەن ئاقنى ئاق، قارىنى قارا دەپ پەرق قىلىۋالايلى. – ھەر يىلى بۇ پارىڭنى ئاڭلاپ، قۇلاقلار پاختىلاشتى، – دېدى ئۇ. ھەممە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەخسىمنىڭ قۇلىقى سەللىمازا ئاڭلىمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ «پاك» دېگەن لەقىمى بار ئىدى . نەزەرغوجا ھاكىم ئورنىدىن تۇردىدە، ئوك قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، دېھقانلارنىڭ جىم بولۇشىنى يەنە تەلەپ قىلدى.

– ئېيتقان گېپىڭ راست. ئامما سېنىڭ يېرىڭ شۇنداق جايغا چۈشۈپ قالغان. سۇنى يۇقىرىغا ئېقىتقىلى بولمايدىغۇ. – بولمىسا، ماڭا سۇ كېلىدىغان يەرنى ئايرىپ بېرىڭلار... مەخسىم ئورنىغا چۆكتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەڭسۈر بېشىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن، يېشىل پلىيوتستىن تىكىلگەن دوپپىسىنى يېشىپ، ئالىقىنىغا سىقىملاپ تۇتقىنىچە سۆزلىدى.

– مەخسىمگە سۇ يېتىپ بارمايدىكەن . مېنىڭچۇ؟ سۇ تۇتىدىغان ۋاقىت مۆلچەرىنى كۆپەيتمىسەڭلار بولمايدۇ، نەزەرغوجا. ۋاقىتنىڭ قىسلىقىنى ئاز دېگەندەك، يۇقىرىقى ئېتىز قوشنا ئىسلامبەگ ئاكامنىڭ بالىلىرى ماڭا كېلىۋاتقان سۇنى ئېچىۋېلىپ، تولىمۇ خاپا قىلىدۇ. ئىسلامبەگ ئاكا، بارمۇسەن؟ – ئۇ كۆزلىرىنى زالنىڭ ئىچىگە تىكىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدىگەندەك بولدىدە، تاپالمىدى. – سەن ھاكىمغۇ، نەزەرغوجا، ئەندىكى يىلدا مۇشۇنداق سۇ ئوغرىلاش بولسا، تۇتۇۋالسام، شۇ جۇۋاينىمەكلەرنىڭ كاللىسىنى كەتمەن بىلەن ئۈزۈۋالىمەن، – دەپ ئورنىغا ئولتۇردى .

– سەن نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن، توخۇ پوقىنى يەۋالغان، گاچا ! – پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرغانلارغا پۇتلىشىپ، ئورنىدىن قوزغالغان ئىسلامبەگ ھۆرپەيگىنىچە مەڭسۈر تەرەپكە ئالدىرىدى.

– كىمنى ئوغرى دېمەكچىسەن؟!

– پەيلىڭنى بۇزما، قوي.

– ئۆزۈڭنى تۇت، ئىسلامبەگ.

– پاشىنىڭ چاققىنىغا ئادەم ئۆلمەيدۇ. بولدى، ئورنۇڭدا ئولتۇر ، –دېھقانلار چۇرقىرىشىپ ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. كەكە ساقاللىق كەرىم ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاقتاشلىق يېزىسىنىڭ يىگىتبېشى . قىرى-چۈرىلەرنىڭلا ئارىسىدا ئەمەس، پۈتكۈل يېزا بويىچە يالغۇز ساقاللىق كىشى بولغاچقا، بەزىلىرى ئۇنى «كەرىماخۇن يىگىتبېشى » دەپ ھۆرمەت بىلدۈرسە، بەزىلىرى «كەرى ساقال» دەپ ئاتىشاتتى.

– ئۇكام، نەزەرغوجا. ئېتىڭنىغۇ داداڭ بىلەن ئاناڭ ئەزان قىچقىرىپ، راسا ئوخشىتىپ قويغان ئىكەن . بۇ ئاقتاشلىققا غوجا بولغاندىن كېيىن، ھەممىگە بىر خىل نەزەر سالساڭ ئوبدان بولاتتى. ھەر يىلى مۇشۇنداق يىغىن -يىغىن دەپ چاقىرىۋالىسەنۇ، جاڭجال-جېدەل بىلەن ئۆيلەرگە تارقايمىز. ئاقتاشلىقنىڭ بىر ئۆستەڭ سۈيىگە بارچە دېھقان زار. ئاسمانغا پاقلاندەك كېرىلىپ ياتقان ئاقتاشلارنى باغرىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەزىم سۇنى قۇرۇق يەرگە سىڭدۈرۈۋەتكۈچە ، تۇربا تارتىپ ئەكەلسەك ، سۇ ھەممىگە يېتەتتى. مۇنداق ماجىرا بولمايتتىغۇ ؟! بۇ گەپنىمۇ ھەر يىلى يادىڭغا سالىمىز. «ماقۇل» دەپ بېشىڭنى ئېغاتقىنىڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. قاچان ھەل قىلىپ بېرىسەن زادى؟.. سۆھبەت جەريانى باشقا ئېقىمغا ئۆرۈلۈۋېدى، باياتىن ھەس-ھەس بولۇشۇۋاتقانلار كەرىم يىگىتبېشىنى قوللاپ، چۇرقىرىشىپ كەتتى.

– توغرا، نەق پاراك!

– بۇ يىگىتبېشىنىڭ ئوغۇل باللىق گېپى!

– يۈز ياشا، كەرىم ئاكا!

– ساقىلىڭدىن ئۆرگىلەي، – دېيىشىپ دېھقانلار جانلىنىپ كەتتى. يىغىن مانا شۇنداق، چۇقان-قىقاس بىلەن تاماملاندى. يىغىندىن ھەس-ھەس بولۇپ قايتقان مەڭسۈر، ئۆيگە كېلىشى بىلەن ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان خوتۇنى مايسىخاننى كۆردى.

– ئېشەكنى توقۇپ، ئىككى تۇڭنى ئارتىپ قويدۇم. «مۆلدۈر بۇلاقتىن» سۇ ئېلىپ كەلسىلە، – دېدى قۇچىقىدىكى بالىسىنى دۈمبىسىگە ھاپاشلاۋالغان مايسىخان.

– نېمىشكە ئۆزۈڭ بارمىدىڭ؟ – توڭلۇق قىلدى مەڭسۈر.

– بالىلارنىڭ لاتا-پاتىلىرىنى يۇيۇپ ، چولام تەگمىدى.

– ئەستاغپۇرۇللا ! بىر باغچە بالىنى بېقىۋاتقاندەك گەپ قىلىدىغۇ. ئۈچنى تۇغۇپسەن. ئۇننى تۇغقاندا نېمىمۇ بولارسەن؟!

– خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. مەن ئوننى تۇغىمەن دەپ ئارمان قىلىۋاتقىنىم يوق. مۇشۇ ئۈچ بالىنى چوڭ قىلىۋالسام، شۈكرى.

– تولا كاپشىما. تامىقىڭ تەييارمۇ؟

– سۇ ئېلىپ كەلگىچە، تەييار بولىدۇ. ئەر-ئايال ئىككىسى رەنجىشكەن هالدا، بىرى «مۆلدۈر بۇلاققا» ماڭسا، بىرى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

***

«مۆلدۈر بۇلاقتىن» بىر چاقىرىم ئارىلىقتا بۈككىدە ئۆسكەن تاللىق جاي بار. يېزىدىكى ئۇزاق ئۆمۈر سۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا ئورمانلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ يەر ئۆز-ئۆزلۈكىدىن قاغجىراپ، دەل-دەرەخلەر قۇرۇپ كېتىپتۇمىش. ئاقتاشلىقنىڭ شۇ زاماندىكى ئاھەلىسى تاللارنى كېسىپ، بەزىلىرى قورۇ -جاي سالسا، بەزىلىرى ئوتۇن قىلىپ، ئوچاققا ياققان ئىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن تاقىرلىققا ئايلىنىپ كەتكەنمىش. بۇ جايغا ئىنسان بالىسى ئاياق باسمىغان يىللاردا ، ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشۈپ، پورلىشىپ كەتكەن كۆتەكلەرنىڭ تۈۋىدىن بىخ تارتىپ، كۆچەتلەر هاسىل بولغانمىش. كېيىن تېرەكلەر ئۆسۈپ-كۆكلەپ، ئاسمان-پېلەك بوي تارتىپ، قايتىدىن بوستانلىققا ئايلىنىپتۇ. مانا شۇنىڭدىن بۇيان بۇ تېرەكلىكنى ئاقتاشلىقلار «جەننەتلىك باغ» دەپ ئاتىۋالغان ئىكەن ۋە ھەقىقەتەن جەننەت مىسالىدىكى تاللارنىڭ بىر تېلىنىمۇ ھېچكىم مۇشۇ كەمگىچە كەسمەپتۇ. كۆك ئېشىكىنى يېتەكلەپ كېلىۋاتقان ئاقتاشلىق يېزىسىنىڭ يىگىتبېشى ، كەكە ساقاللىق كەرىمنىڭ كۆزلىرى ئەنە شۇ تاللىقتا ئىدى . ئۇ «مۆلدۈر بۇلاققا» كۈنىنىڭ قىزىپ، ئەۋجىگە چىققان پەيتىدە يېتىپ كەلدى. تېخى يېڭىلا قورۇسىدىكى باغلاقتا تۇرغان كۆك ئېشىكى ئىگىسىنىڭ ئۆيىدىن بۇلاققا يېتىپ كەلگىچە، چاڭقاپ كەتكەندەك، كەرىم ساقال تۇڭلىرىنى چۈشۈرگۈچە ، بېشىنى بۇلاققا تىقىپ، سۇنى ئىچىشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئېشەك ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈردى . كەرىم ساقال تۇڭلىرىنى يېشىپ، بۇلاقنىڭ يېنىغا قويدى. يەكتىز ئولتۇرۇپ ، چۆمۈچى بىلەن تۇڭنى تولدۇرماقتا . ئۇنىڭ كۆزى يەنە تاللىققا ئۇلاندى. «ئۆي، ئېتىز دەپ قانچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تاللىقنى بىر ئارىلاپ كېلىش نىيىتىم ئەمەلگە ھېچ ئاشمايۋاتىدۇ» دەپ ۋايىم يېگەن يىگىتبېشى تاللىقنى نىشان قىلىپ كېتىپ بارغان ئەر بىلەن ئايالنى بايقاپ قالدى. ئەر كىشى ئېشىكىنى يېتىلىۋاپتۇ . مۈرىسىدە ئەپكەش . ئايالنىڭ شايى كۆينىكىنى تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىزغىرىن شاماللار يەلپۈمەكتە.

– بۇلار كىمدۇر؟ – دەپ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ ، تېڭىرقاپ قالغان كەرىم ساقال چۆمۈچىگە ئالغان سۈيىنى تۇڭدىن نېرى قىلىپ، يەرگە تۆكۈۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى...

– ئاقتاشلىقتا سىزدەك گۈزەل قىز يوق، – دېدى مەڭسۇر ئايشىگۈلنىڭ ئىنچىكە بىلىكىدىن تۇتماقچى بولۇپ، تېرەكلىككە ئىچكىرىلىگەندىن كېيىن.

– پاھ، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، مەڭسۇر ئاكا.

– ياق، ياق! چىن گېپىم. يۈرىكىمنىڭ قېتىدا ياتقان ئوتلۇق سېزىم، مۇشۇ گەپلەرنى ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ، ئايشىگۈل، – مەڭسۇر ئەندى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋىدى ، قىز ئۆزىنى قاچۇردى.

– ئۇنداق دېمەڭ، مەڭسۇر ئاكا... سىز... سىزنىڭ ئايالىڭىز... سىزنىڭ ئائىلىڭىز بارغۇ. مايسىخان ھەدەم ياخشى ئايال... چىرايلىق...

– خەپ..خەپ! مايسىخان، مايسىخان. ئاپامنىڭ تەتۈرلىكى بولمىسا، مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەيتتىم . مەن ئەندى ئۇنى قويۇۋېتىمەن . مەن ئۇنى چىن سۆيگۈم بىلەن ئىلكىمگە ئالغىنىم يوق... كېلىڭە ، ئايشىگۈل بىر سۆيۈۋالاي... – قىز يەنە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى. بۇ دۆرەم مەڭسۇرنىڭ لەۋلىرى ئايشىگۈلنىڭ ئاپتاپتا قارايغان بويىنىغا تېگىپ ئۆتتى. قىزنىڭ تەنلىرى ئوت بولۇپ ياندى. بۇ بىرىنچى سۆيۈش، ئەر كىشىنىڭ لەۋلىرى بىرىنچى مەرتەم تېنىنى غىدىقلىشى ئىدى ... ئايشىگۈل كۆينىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى جۆندەپ، چۈۋۈلغان چاچلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن پېتى ئۇششاق قەدەم بېسىپ، كېتىپ باراتتى. ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان مەڭسۇرنىڭ كۆزىگە، ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىنى تولغاپ مېڭىشى «مۆلدۈر بۇلاقتا» بەزىدە پەيدا بولۇپ، پاكىز سۇدا تولغىنىپ ئۈزۈپ يۈرىدىغان قۇمچاقلارغا ئوخشاپ كەتتى... كەرىم ساقال بۇ ۋىسال دەقىقىلىرىگە داخىل بولۇپ قالدى.

– تۇۋۋا، – دېدى ئۇ ساقاللىرىنى ئوچۇملاپ ، – مۇشۇنداقمۇ بولىدىكەن ، ھە؟.. تۇۋۋا، بۇ بەدبەخلەرنىڭ قارا-ھە؟! ئەستاغپۇرۇللا ، تۇۋۋا قىلدىم، خۇدايىم! ئادەملەر نېمە بولۇۋاتىدۇ، زادى؟ مۇنۇ لالمىنىڭ قىلىپ يۈرگىنىنى قارا. ئەۋۋۇچۇ، ئىسلامبەگنىڭ قىزىغا نېمە كۆرۈندى؟ يا-ئاللا، ئاقتاشتا چوڭ جېدەل چىقىدىغان ئوخشايدۇ. يا-رەببىم! بۇ ساددا نادانلارنىڭ بىلىپ-بىلمەي قىلىۋاتقان گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن... يۇرتۇمىزنى بالايى -قازادىن ساقلىغايسەن!!! لەززەتلىك دەقىقىلەردىن كېيىن تېخىچە تاللىقنىڭ ئىچىدىن چىقماي، داق يەرگە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغان مەڭسۇر، ئورنىدىن قوزغالاي دېمەيدۇ. كەرىم ساقالمۇ يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە، ئاسمانغا كۆزىنى تىكىپ، خۇدادىن يەنە نېمىلەرنى تىلىدىدە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا يەرنى دەسسەپ، «مۆلدۈر بۇلاقتىن» تۇڭلىرىغا سۇنى تولدۇرۇپ ، ئۆيىگە كېتىپ قالدى. كەرىم ساقالنى تەشۋىش-ئەندىشە باستى. ئۇ تاللىقتىكى ۋەقەنى كۆندە دېگۈدەك يادىدىن چىقىرالماي، خۇرسىناتتى. ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغان بولسا، يۇرت خەلقى ئالدى بىلەن يىگىتبېشىنى سوراققا تارتىشى مۇمكىن.

– قانداق قىلسام بولا؟ – يەنە ئۆزىدىن ئۆزى سورىدى كەرىم ساقال. لېكىن ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن، كۆڭلىنى قاندۇرغۇدەك جاۋاب ئاڭلانمىدى. ئۇ بىردە ھويلىسىغا چىقىپ، بىردە ئۆيىگە كىرىپ، ئىچ پۇشۇقىنى تېخىمۇ

ئۆرلىتىۋەتكەن دىلىدىكى ۋەس-ۋەسە مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى.

– ئىسلامبەككە يەتكۈزمىسەم بولمايدۇ. جۇۋاينىمەك قىزنىڭ قۇيرۇقىنى قىسىپ قويسۇن. مەڭسۇر دېگەن لالما ئىت يىغىن-يىغىلىشلاردا ھە دېسە ئىسلامبەك بىلەن ئېيتىشىنى ئېيتىشقان. ھە، ئەندى ئۇنىڭ قىزى بىلەن چېتىشىپ قالغىنى قانداق، تۇۋۋا!!! قەلبىدە قاينىغان خىيال مەقسىتىنى ئالىقىنىدا كۆتۈرۈپ ماڭغان كەرىم ساقال ئىسلامبەگنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ كىرگىنى بىلەن ئۆزىگە ئېيتالمىدى. بىر ۋاقىت يۇرۇتنىڭ بەزىبىر مەسىلىلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئەندىشىگە سېلىۋاتقان مەسىلىنىڭ بېتى ئېچىلماي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.

...ئاقتاشلىقنىڭ ئاسمىنى يەرگە يېقىن دېيىشىدۇ. يالغان ئەمەس، راست. كېچىلىرى پارلىغان يۇلتۇزلىرىنى قولغا ئېلىپ، بىر تاللاپ سانىۋېلىشقا ، كۈندۈزى پاختا مىسال ئۈزگەن بۇلۇتلىرىغا مىنگىشىۋېلىشقا مۇمكىندەك يېقىنلىقتا ئىدى . ئايشىگۈل شايى كۆينىكىنى ئىشتىنى بىلەن كەيدىدە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۆيىدىن چىقىپ، بۇلاق بېشىغا كەلدى. يېزا كوچىلىرىدىكى سالقىن شاماللار بۇ تەرەپتە كۆچىيىپ كەتكەندەك. مىڭلىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىن ئايشىگۈلنىڭ شەھلا قامىتىگە ئامراقلىغى كەلگەن كۈمۈش ئاي، ئۇنىڭغا بۇ كېچىدە ھەمراھ بولدى. ئاي «مۆلدۈر بۇلاقنىڭ» ئەتراپىنى يورۇتتى. ئايشىگۈل بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئوچۇملاپ سۈزۈك ھەم مۇزدەك سۇنى چېچىپ، يۈزىنى نەملىدى. بۇلاق كۆلچىكىدىكى سۇ بىرئاز ۋاقىتقا چايقىلىپ، يەنە تىنچىدى . ئايشىگۈل ئۆز ئەكسى بىلەن سۇ بېتىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ئايغا بېقىپ سۆزلىدى.

– ئاھ، مەڭسۇر! مېنى قانداق كۈنلەرگە قالدۇرۇپ قويدۇڭ؟ ھاياتىمنىڭ مۇشۇ بۇلاقتەك ساپ بولۇشىنى، بەختنى ئارمان قىلمىغانمىدىم ؟.. تەقدىرىم ئاقتاشلىقنىڭ ئۇنىدەك توپىسىدەك سوغۇق شاماللاردا توزۇشقا تايىن تاپتى. بېرىلگەن ۋەدىلەر ئەنە شۇ توپىلارغا كۆمۈلگىنىمۇ بۇ؟! مەن سېنى چىن ئەقىدەم بىلەن سۆيگەن ئىدىمغۇ ... ئايشىگۈلنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن تامچە ياشلىرى بۇلاق سۈيىنى ئۆركەشلىتىۋەتتى. ئاينىڭ ئەكسىمۇ ئۆركەشلىگەن سۇنىڭ بېتىدە بىر دەقىقە چايقىلىپ، يېڭىباشتىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا يەنە پەيدا بولدى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، شايى كۆينىكىنى يېشىپ، يالىڭاچلاندى. پومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى ئىككى قولىنىڭ ئالىقانلىرى بىلەن دەسلەپ ئەركىلەتكەندەك سىلىدى. كېيىن ئاھۇ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن كۈچىنىڭ بارىچە بېسىپ، تۆۋەن سېرىدى. ۋاي، دا-ئا-ئات!.. ھامىلىدار بولۇپ قالغان ئايشىگۈل ئاتا- -ئانىسىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، قورسىقىنى لاتا بىلەن تولىمۇ چىڭ بوغۇپ باغلاۋەتكەچكە، نارەسىدە ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدا تۇنجۇقۇپ قالغان ئىكەن . تاشلاندى بالىنى ئەتىگەندە سۇغا بارغانلار تېپىۋېلىشتى. ...بۇ ۋەقەنىڭ سادىر بولغىنىغا بەش-ئالتە يىل بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئىسلامبەگ قىزىنىڭ تۇغۇپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئوتۇن ياردىغان ئاي پالتىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

– مەڭسۇر ھاڭگىنىڭ بېشىنى چاپىمەن. مېنى تۇتماڭلار، خالايىق، – دەپ جان-جەھلى بىلەن بۆرە جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىۋالغان ئىسلامبەگ قىزىنى بىر مۇش ئۇرۇپ، ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىتتى . خەلق ئۇنى مەڭسۇرنىڭ ئۆيىگە يوللاتمىدى. ئايشىگۈلنىڭ ھۆسنى-جامالى كۆزدە سولغان گۈللەرگە ئوخشاپ تۇرۇپ كەتتى. بارا-بارا ئەقلىدىنمۇ ئاداشتى. بەزىدە ئۆيىدە سۆرەيدىغان كونا پوپۇچىنى پۇتىغا كىيىۋېلىپ، ئىچ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرمايلا «مۆلدۈر بۇلاققا» چىقىۋالاتتى. ئادەملەرنى كۆرۈپ قالسا، ئۇلارغا تاش ئېتىپ، ھەممىنى قوغلاۋېتەتتىدە، يەرگە يېنىچە يېتىپ، ئۆزىچە سۆزلەتتى.

– يىغلىساڭچۇ ، بالام، نېمىشكە جىم ياتىسەن؟... ھە-ئە-ئە، ئاپاڭنى ئاياۋاتىسە-ئە-ئەن تايلىق... مەن سېنى قوغدىيالمىدىم، بالام... مەن سېنى كۆتەلمىدىم، جېنىم، ھۇ-ئۇ-ئۇ، ھۇ-ئۇ... – دەپ يەر بېتىنى سىلاپ يىغلىۋەتتى ئۇ. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچماي «مۆلدۈر بۇلاقتا» ئۆلۈك تۇغۇلغان بالىسىنى ئۇ مۇشۇ يەردىن دائىم ئىزدەيتتى. مەڭسۇرمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ بۇلاقتا بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالغان. ئايشىگۈل ئۆزىنىڭ قەددىنى رۇسلاپ، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەپ، ئالدىغا كېلىشىنى كۈتەتتى. لېكىن مەڭسۇر بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئايشىگۈلنى كۆرمەسكە سېلىۋالاتتى. شۇنداق پەيتلەردە ئەقلىدىن ئازغان قىز چاچلىرىنى يۇلۇپ ، چىرقىراپ يىغلاۋېتەتتى ....

***

مەڭسۇر ئائىلىسىنى يېرىم كېچىدە پاراكەندىچىلىككە سالغان ئايشىگۈل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئامما چارە قوللىنىشقا پېتىنالمىدى. ئويغا چۆكۈپ، تالادىكى بەلدىڭدە قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغانلىقى نامەلۇم. ھاڭگا ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى بىلەن تەڭكەش ھاۋۇشقان ئىتلارنىڭ ۋە يېقىنلا بىر يەردىن خورازنىڭ قىقاس سېلىپ قىچقىرىشى ئاڭلاندى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆيىگە كىردى. بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن ئايالى مايسىخان ئۇخلاپ قاپتۇ. يېنىق چىراغنى ئۆچۈرۈپ ، ئورنىغا ياتقان مەڭسۇر بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا ئۆرۈلۈپ، تۈزۈككىنە ئۇخلىيالمىدى . ئۇيقۇسى قاچقىنى نەۋاق. ئاسماندىن يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپ، يېزىنىڭ قوينىنى بىر مەزگىلگە ئورۇۋالغان قاراڭغۇلۇق تۈن پەردىسى ئېچىلىپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان ئىدى .

# بىزنىڭ كاتالوگلىرىمىز*

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئۇقيا

## ھەمدىيە مەدرىسى كاتالوگى

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، قەشقەردىكى ھەمدىيە مەدرىسىدە شۇ ۋاقىتتىكى تالىپلارنىڭ ئوقۇشىغا، پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرى دېگەن كىشى ئەرەب- پارسچىدىكى ئوقۇشلۇق، پايدىلىنىش كىتابلىرىنى يىغىپ، رەتلەپ، شۇ كىتابلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈپ چىققانلىقى مەلۇم.

## ئۇلۇغبەگ قەدىمكى ئەسەرلەر كاتالوگى

تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئۆز زامانىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگنىڭ پەرمانى بىلەن قەدىمكى كىتاب- قوليازمىلار توپلاپ، رەتلىنىپ، ئوردا پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن مەخسۇس قەدىمكى ئەسەرلەر كاتالوگى تۈزۈلگەن.

## ئەلشىر نەۋائىي قىسمەن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى

15 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىي «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ كاتالوگى كىرگۈزگەن

## ئەلشىر نەۋائىي مەجالىسۇن نەفائىس كاتالوگى

15 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە 458 نەپەر شائىر ۋە ئۆلىمانىڭ بىر نەچچىدىن ئەسىرىنىڭ تىزىمىنى كىرگۈزگەن.

## مۇجىزى كاتالوگى

1854 - 1855 - يىللىرى (ھىجرىيە 1271 - يىلى) يېزىلغان موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىئمەتۇللا مۇجىزىنىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» ناملىق ئەسەرگە خەرىرى، فارابى، نەۋائىي، ئامانىساخان قاتارلىق 17 نەپەر مۇزىكا- مۇقام ئۇستازلىرىنى تەرتىپ بويىچە كىرگۈزۈپلا قالماي، ھەر بىر ئۇستازنىڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكا ئەسىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىمۇ رويخەتكە ئالغان.

## زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ كىتاب- قولىيازمىلارنىڭ كاتالوگى

19 - ئەسىردە قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ ئەينى دەۋرنىڭ مەشھۇر ئالىم- ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇرەھىم نىزارى، نەۋرۇز ئاخۇن كاتىب زىيائى، تۇردى نازىم غېرىبى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، قەدىمكى كىتاب- قولىيازمىلارنىڭ كاتالوگىنى تۈزدۈرگەن.

## ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرىنىڭ كاتالوگى

1957 - يىلى شىنجاڭ يەرلىك مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى تىل، تارىخ، ئەدەبىياتقا دائىر 74 پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرىنىڭ كاتالوگى»نى تۈزۈپ، شۇ يىلى 5 - ئايدا مىخ مەتبەئەدە باستۇردى.

## شىنجاڭ كىتابلىرى كاتالوگى

1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ مۇزېيى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادقا ئائىت 172 پارچە ئەسەر، دىن، پەلسەپەگە ئائىت 104 پارچە ئەسەر، تىل- ئەدەبىياتقا ئائىت 217 پارچە ئەسەر (جەمئىي 493 پارچە ئەسەر)نىڭ تىزىمى كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ كىتابلىرى كاتالوگى»نى تۈزۈپ شاپىگىرافتا باستۇرغان.

## شىنجاڭ رايونىدىكى كىتابلار مۇندەرىجىسى توپلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى «شىنجاڭ رايونىدىكى كىتابلار مۇندەرىجىسى توپلىمى» (1 -، 2 - قىسىم)نى 1985 - يىلى شاپىگىراف باسمىسىدا ئېلان قىلدى.

## ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى

1988 - يىلى يەنە يۇقىرىقى ئورۇن «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»نى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى.

## قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى كىتابلار مۇندەرىجىسى

دىلبەر ياقۇپ، ئابلاجان تۇرغۇنلار تۈزگەن «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى كىتابلار مۇندەرىجىسى» ناملىق كاتالوگ 1990 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كاتالوگقا 1981 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە

* ئاساسلىق غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغارنىڭ «ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر كاتالوگى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن تەييارلاندى.

مەزكۇر نەشرىياتتا نەشر قىلىنغان كىتابلار كىرگۈزۈلگەن.

## ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ماتېرىياللار كاتالوگى

تۇرسۇنمۇھەممەد سابىت تۈزگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىك ماتېرىياللار بۆلۈمى 1991 - يىلى شاپىگىرافتا باستۇرغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ماتېرىياللار كاتالوگى»غا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە، نېمىسچە، ئەرەبچە، تۈركچە، ئۆزبېكچە تىللاردىكى ئالاقىدار 3540 پارچە، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك تەسىرى بار شائىر، ئەدىبلەرنىڭ بىرقانچە خىل تىلدىكى باسما ۋە قولىيازما ئەسەرلىرىدىن 660 پارچە، جەمئىي 4200 پارچە ماتېرىيال تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەن.

## مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە كىتابلار مۇندەرىجىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى1953 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە 40 يىلدىن بۇيان نەشر قىلغان تۈرلۈك كىتابلارنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى.

## ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر كاتالوگى

رەخىمە ئوسمان، خالىدە شاھرەھمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر كاتالوگى» 1993 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كاتالوگقا 1980 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇرچە گېزىت («شىنجاڭ گېزىتى» دىن ئېلىنغانلىرى 1950 - يىلدىن بۇيانقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا ئائىت 2600 دىن ئارتۇق ماقالە ۋە تارىخىي ماتېرىيال (خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لارنىڭ تىزىمى كىرگۈزۈلگەن.

## مەرىپەت بۇلىقى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى كاتالوگى

ئابلاجان تۇرغۇن تۈزگەن «مەرىپەت بۇلىقى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» ناملىق كاتالوگ 1996 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىنغان، بۇ كاتالوگقا 1981 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە مەزكۇر نەشرىياتتا نەشر قىلىنغان بارلىق كىتابلار كىرگۈزۈلگەن.

## ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەر كاتالوگى

راھمان خانبابا تۈزگەن كاتالوگ ئاساسىدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى تولۇقلاپ تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ئەسەرلەر كاتالوگى» 1998 -، 1999 - يىللىرى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا ئۇلاپ ئېلان قىلىندى،

## چەت ئەللەردىكى تىلشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى كاتالوگى

تۇرنىسا روزى بىلەن ياسىن تۇرسۇن ئۇلتاش تۈزگەن «چەت ئەللەردىكى تىلشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» ناملىق كاتالوگ 2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، مەزكۇر كاتالوگقا خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق تىل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تىلغا ئائىت مۇھىم كىتاب ۋە ماقالىلىرى، خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق تىل تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت كىتابلار ۋە ماقالىلەرنىڭ نامى، ئاپتور ئىسمى، نەشر قىلىنغان ۋاقىت ۋە ئورۇن قاتارلىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلدى. ئارزۇگۈل تۇراپ، شادىيە سابىت، گۈلشەن بەسىرلەر تۈزگەن.

## يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر بىبلىئوگرافىيىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى» ناملىق كىتابقا «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلەر بىبلىئوگرافىيىسى» ماۋزۇسىدا 1400 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىنىڭ كاتالوگى بېرىلدى.

## «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى كاتالوگى

1984 -يىلى «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 30 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.

## «تارىم» ژۇرنىلى كاتالوگى

1985 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلى 30 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.

## «بۇلاق» ژۇرنىلى كاتالوگى

1989 - يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلى 9 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.

## «تۇرپان» ژۇرنىلى كاتالوگى

1995 - يىلى «تۇرپان» ژۇرنىلى 15 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.

## «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى كاتالوگى

1996 -يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 15 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.

## «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى كاتالوگى

2001 - يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 20 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.

## «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» كاتالوگى

2002 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 15 يىللىق ئەسەرلەر كاتالوگىنى تۈزۈپ چىقتى.

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك كاتالوگى

2005 - يىلى ئەشرەپ ئابدۇللا ئاپتورلۇقىدىكى«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك كاتالوگى» تۈزۈلدى.

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەسەرلىرى بىبلىئوگرافىيىسى

2005 - يىلى ئەشرەپ ئابدۇللا ئاپتورلۇقىدىكى«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك كاتالوگى» تۈزۈلدى.

## مەۋجۇدات كان كاتالوگى

نىزامىدىن توختى تۈزگەن «مەۋجۇدات كان» («كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 -، 2000 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان)،

## نەۋائىي تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

غەيرەتجان ئوسمان ئاپتورلۇقىدىكى «نەۋائىي تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («مىللەتلەر ئەدەبىياتى» 2003 - يىللىق 3 - سان خەنزۇچە)،

## جۇڭگودا موللا بىلال تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

«جۇڭگودا موللا بىلال تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى» مەجمۇئەسى 2000 - يىللىق 4 - سانى)،

## يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

«يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» («شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ 20 يىلى» غا بېغىشلانغان مەجمۇئەنىڭ 2000 - يىللىق -2 سانى)،

## تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

كۆرەش تاھىر ئاپتورلۇقىدىكى ««تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2002 - يىللىق 3 - سان، خەنزۇچە)،

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

««ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرلىرى» 2006 - يىللىق 3 - سان، خەنزۇچە)،

## ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ياپونىيەدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

مۇھەممەد ئابدۇۋەلى ئاپتورلۇقىدىكى «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ياپونىيەدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى» («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 - يىللىق 3 - سانى) قاتارلىق بىبلىئوگرافىيە تۈسىدىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى

ئۇلۇغ ئالىم فارابى (مىلادىيە 870 -950 يىللار)نىڭ ئىلىم- پەنگە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن چوڭ دېيىمىز، لېكىن ئۇنىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس ئىدى، تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد ئاتەش «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» ناملىق كىتابىدا فارابىنىڭ ئىلىم- پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە يازغان 160 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## فارابىي ئەسەرلىرى بىبلىئوگرافىيىسى

ئۆزبېكىستانلىق بىر فارابىيشۇناسمۇ «فارابىي ئەسەرلىرى بىبلىئوگرافىيىسى»نى تۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا فارابىنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرىنىڭ تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەن.

## زىيائىي ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى (كاتالوگى)

19 - ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن نەۋرۇز ئاخۇن كاتىب زىيائىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى چەكلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا تولۇقراق جاۋاب بېرەلمەي كېلىنگەنىدى، 1991 - يىلى ئۇنىڭ ئايرىم بىر قولىيازمىسى تېپىلغان بولۇپ، قولىيازمىغا ئۇنىڭ بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى ۋە زىيائىي ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى (كاتالوگى) كىرگۈزۈلگەن.

## ئۇيغۇر يىلنامىسى كاتالوگى

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا تۈزگەن «ئۇيغۇر يىلنامىسى» ناملىق ئەسەردە «كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى» سەرلەۋھىسى ئاستىدا 10 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگىچە ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرىي كاتالوگى ۋە «ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان قىسمەن كىتاپلار» سەرلەۋھىسىدە 1500 كىتابنىڭ نامى، ئاپتور ئىسمى، نەشر قىلىنغان ئورۇن، ۋاقىت ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن.

## باياز كاتالوگى

مەتىمىن يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدىن1995 - يىلى نەشرگە تەييارلىغان «باياز 1» بىلەن

مەتتىمىن يۇسۇپ ، مۇھەممەت ئوسمان، ۋە بارات رەجەپ 1997 - يىلى نەشىرگە تەييارلىغان «بايلاز 2»دە ئەللىككە يېقىن كلاسسىك شائىرنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن ۋە شائىرلارنىڭ مۇۋاپىق تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ ئەسلى مەنبەئە نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەرنىڭ نامى قايسى بەتتىن ئېلىنغانلىقى ئاخىرىسىغا ئىسكوپكا ئىچىدە ئىزاھلاپ قويۇلغان.

## ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى

ياش قەلەمكەش ۋە تەتقىقاتچى ئىبرىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (تارىخ - مەدەنىيەت قىسمى) (شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 - يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان) ۋە ئىككى توملۇق «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان تېبابەت، ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگى» (شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان) ئۇيغۇر تىل- يېزىقى، تارىخى، مەدەنىيىتى، تېبابىتى، ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە بىر بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ كاتالوگنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كاتالوگلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» (تارىخ - مەدەنىيەت قىسمى) غا ھەرقايسى دەرىجىلىك ئىلمىي، ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخ- مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماقالە، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇر- تىل- يېزىقىدا نەشر قىلىنغان 1500 پارچە كىتابنىڭ تىزىملىكى 335 تۈر بويىچە كىرگۈزۈلگەن. ھەر بىر ئەسەرنىڭ نامى، ئاپتور ئىسمى، نەشر قىلىنغان ئورۇن، ۋاقىت ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن. گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالە-ئەسەرلەرنىڭ نامى، ئاپتورى ۋە ئېلان قىلىنغان گېزىت-ژۇرنال، ئۇنىڭ قايسى يىل، قايسى سانىغىچە ئېنىق ئۇچۇر بېرىلگەن. «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان تېبابەت، ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگى» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسىمغا سىياسىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، كەسپىي، نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك تۆۋەندىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان 59 مىڭ 335 پارچە ئەسەر كونكرېت تۈرلەر بويىچە كىرگۈزۈلگەن. 2 - قىسىمغا 1951 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ھەرقايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان 2594 پارچە كىتاب. بۇ ئىككى قىسىم كاتالوگقا جەمئىي 108 مىڭ 135 پارچە ئەسەرنىڭ تىزىمى كىرگۈزۈلگەن.

**1 ـ قىسىمغا:**

- «تارىم» (1951 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان جەمئىي 538 ساندىكى 22 مىڭ ئەسەر)،
- «بۇلاق» (1980 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان 105 ساندىكى 1470 پارچە ئەسەر)،
- «مىراس» (1980 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان 92 ساندىكى 1590 پارچە ئەسەر)،
- «تۇرپان» (1981 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان 99 ساندىكى5090 پارچە ئەسەر)،
- «قۇمۇل ئەدەبىياتى» (1980 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان 116 ساندىكى 3957 پارچە ئەسەر)،
- «يېڭى قاشتېشى» (1979 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان 146 ساندىكى 8935 پارچە ئەسەر)،
- «تەڭرىتاغ» (1986 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان 113 ساندىكى 4994 پارچە ئەسەر)،
- «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (1980 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان 47 ساندىكى 802 پارچە ئەسەر) قاتارلىق ژۇرنال ۋە مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنغان جەمئىي 48 مىڭ 838 پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن.

**2 ـ قىسىمغا:**

- «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» (1980 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 5570 پارچە ئەسەر)،
- «ئىلى دەرياسى» (1978 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 5097 پارچە ئەسەر)،
- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (بۇ ژۇرنال 1951 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1985 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1467 پارچە ئەسەر)،
- «شىنجاڭ ياشلىرى» (بۇ ژۇرنال 1954 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1992 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 8892 پارچە ئەسەر)،
- «شىنجاڭ ئاياللىرى» (1984 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 5856 پارچە ئەسەر)،
- «قەشقەر ئەدەبىياتى» (بۇ ژۇرنال 1972 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1980 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 11214 پارچە ئەسەر)،
- «جۇڭگو مىللەتلىرى» (بۇ ژۇرنال 1988 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان، كاتالوگقا كىرگۈزۈلگىنى 1990 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1915 پارچە ئەسەر)،
- «كىرورەن» (ئىچكى ژۇرنال، 1979 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان4696 پارچە ئەسەر)،

- «مايبۇلاق» (1977 - يىلىدىن - 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 4759 پارچە ئەسەر)،
- «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» (1986 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1709 پارچە ئەسەر)،
- «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» (1991 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 1016 پارچە ئەسەر)،
- «ساقلىقنى ساقلاش» (1983 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان 4685 پارچە ئەسەر)،
- «كىتاب مۇنبىرى» (تارىخى ئۆزۈن ئىچكى ژۇرنال، 507 پارچە ئەسەر)،
- «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» (1952 پارچە ئەسەر)

## ئۇيغۇر كىتاب - ماقالىلەر ئامبىرى تورى

ئۇيغۇر كىتاب تورى 2017 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە 6400 پارچە ماتېرىيال بىلەن تولۇق ئېچىۋېتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە 500 پارچە قولىيازما ۋە قەدىمىي ئەسەر، 1500 پارچىدىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنال، 4000 پارچىغا يېقىن ئۇيغۇرچە كىتاب مەۋجۇت. ئەۋلاد گۇرۇپپىسى ئىشلەۋاتقان «ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى»غا ھازىرغىچە 15 مىڭ پارچىغا يېقىن ئۇيغۇرچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ماقالىلەر ئاساسەن ۋەتەن ئىچى - سىرتىدا نەشر قىلىنغان 80 خىلدىن ئارتۇق ژۇرنال، بىر قىسىم ماقالە توپلاملىرى، مەجمۇئەلەر ۋە تور بەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان.

تور ئادرېسى: www.uyghurkitap.com

## ئېلكىتاب تورى

ئېلكىتاب تورى – دەسلەپ تور دۇنياسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھەر خىل ژانىردىكى ئۇيغۇرچە ئېلكىتابلارنى توپلاپ ئېلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھازىر ئېلكىتابلار بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل ئەپ ھۆججەتلىرىنى توپلاپ، چۈشەندۈرۈپ كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىش ئۈچۈن سۇنۇۋاتقان خالىس تور بېكىتى. نۆۋەتتە بۇ تور بېتىدە 3000 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل تىل، ژانىر، فورماتتىكى ئېلكىتاب ھۆججەتلىرى مەۋجۇت.

تور ئادرېسى: www.elkitab.org

## تۈركىستانىي كۇتۇپخانىسى

2018 - يىلى قۇرۇلغان تور بېتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرخىل تىلدىكى كىتاب – ماقالىلار قويۇلغان، قىسمەن ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجىسى بېرىلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ياكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سايىلاپ ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

تور ئادرېسى: www.turkistanilibrary.com

## يانغىن ئېلكىتاب ئامبىرى

يانغىن ئېلكىتاب ئامبىرى 2015 - يىلى 9 - ئايدا تور دۇنياسىغا ئېلان قىلىنغان. ئېلكىتاب ئامبىرىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتابلار، باشقا تىلدىكى كىتابلار، مەشھۇر يازغۇچىلار ئەسەرلىرى، تىل ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى، ماقالە، ئاۋازلىق ئەسەر ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتاب ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرخىل سەھىپىلىرى بار. ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، 2018 - يىلى 5 - ئايدا تور بېكەت يېڭى نۇسخىسى ۋە ئەپ دېتالىنى ئېلان قىلدى.

تور ئادرېسى: www.yanghin.net

## پايدىلانغان ئەسەرلەر


- تۈركىستانىي كۇتۇپخانىسى www.turkistanilibrary.com
- غەيرەت ئابدۇرەھمان تۈزگەن «كاتالوگ ۋە «ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى» ھەققىدە» 2015-يىلى 05 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خەلق تورى
- مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن «ئۇيغۇر يىلنامىسى» ئەنگلىيە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى، لوندون 2017 - يىلى نەشرى.
- «كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى» 550 -560- بەتلەر
- «ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان قىسمەن كىتاپلار» 721 - 808 - بەتلەر
- مەمتىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدىن « بايان (1)» نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشرى
- مەمتىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەت ئوسمان، بارات رەجەپ، «بايان (2)» مەمتىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەت ئوسمان، بارات رەجەپ نەشرگە تەييارلىغان. مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1997 - يىلى 12 - ئاي نەشرى
- ئۇيغۇر كىتاب - ماقالىلەر ئامبىرى تورى www.uyghurkitap.com
- ئېلكىتاب تورى www.elkitab.org
- يانغىن ئېلكىتاب ئامبىرى www.yanghin.net

# ئەقلىيە سۆزلەر

مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)

◆ جاپا تارتىپ باقمىغان بولسىڭىز باتۇر بولالمايسىز.
— مارىي تايلىر مور (ئامېرىكا)

◆ ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىڭىز قىلغان ئىشلارغا قارىغاندا قىلمىغان ئىشلارغا بەكرەك پۇشايمان قىلىسىز.
— كىچىك خەررىيوت جېكسون براۋن (ئامېرىكا)

◆ كىچىك پالتا چوڭ دەرەخنى چېپىۋېتەلەيدۇ.
— يامايكا خەلق ماقال - تەمسىلى

◆ ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭمۇ يازغىنىنى ئۆچۈرىدىغان ۋاقتى بولىدۇ.
— ئىسپانىيە خەلق ماقال - تەمسىلى

◆ يېتەكلەنگەن نۇرغۇن ئىشنى قىلالايدۇ، رىغبەتلەندۈرۈلگەن ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ.
— يوھان ۋولفگاڭ فون گۆتې (گېرمانىيە)

◆ باراۋەرلىك ئەركىنلىكنىڭ روھىدۇر؛ ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، باراۋەرلىك بولمىسا ئەركىنلىك بولمايدۇ.
— فرانسىس رايت (شوتلاندىيە)

◆ چېنىقىش ساغلاملىقىلا مۇھىم ئەمەس، ئۇ يەنە ساغلام ئەقىل ۋە ئىجادچانلىقنىڭ ئاساسى.
— جون ف. كەننېدىي (ئامېرىكا)

◆ ساخاۋەتچىلىكنى ئۆيىڭىزنىڭ ئىچىدىن باشلاڭ.
— توبىئاس جورج سمولللەت (شوتلاندىيە)

◆ نىشان بېكىتىپ تىرىشماسلىق - خام خىيال قىلىشتۇر.
— ناتانئىال بىرەندىن (كانادا)

◆ يولىڭىزنى تېپىشتىن بەل قويۇۋەتمەڭ، لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇن، بەزىدە سۇنماسلىق ئۇچۇن ئېگىلىشكە توغرا كېلىدۇ.
— كاتىنكا خەسسىلىنك Dutch

◆ ياۋا غاز كۆندۈرۈلگەن تۇخۇم تۇغمايدۇ
— گېئاللىك خەلق ماقال - تەمسىلى

◆ قىيىنچىلىقلار تۈگىگەندە ئارزۇ ئارمانلارنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى كۆرىسىز.
—نامەلۇم

◆ ھەققانىيلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر.
— چارلىس سىممونس (بىرىتانىيە)

◆ ئادەمنىڭ چىدامچانلىقىدەك چىداملىق نەرسە يوق.
— بېرنارد ۋىللىيامس (ئەنگلىيە)

◆ بىر يەردىكى ئادالەتسىزلىك ھەممە يەردىكى ئادالەتكە تەسىر قىلىدۇ.
— كىچىك مارتىن لۇتېر كىڭ (ئامېرىكا)

◆ قارىغۇلارنىڭ دۆلىتىدە يەككەشمە پادىشاھتۇ.
— دېسىدېرىئۇس ئېراسمۇس (گوللاندىيە)

◆ مەن توختىماي ئۆگىنىمەن، مېنىڭ قەبرە تېشىم مېنىڭ دىپلومۇم بولىدۇ.
— ئېرسا كىت (ئامېرىكا)

◆ خاتالىقلار خۇددى پىچاققا ئوخشايدۇ، توغرا ئىشلەتسەڭ كېرەكلىك بولىدۇ، خاتا ئىشلەتسەڭ بىرىنى يارىلاندۇرىدۇ.
— جامىس راسسىل لوۋېل (ئامېرىكا)

◆ مۇھەببەت شامالغا ئوخشايدۇ، كۆرگىلى بولمايدۇ، ھېس قىلغىلى بولىدۇ.
— نىكولاس سپاركىس (ئامېرىكا)

◆ ئىشنى باشلاش ئۇچۇن ئۇلۇغ ئاتىلىشىڭىز كېرەك ئەمەس، لېكىن ئۇلۇغ ئاتىلىش ئۇچۇن ئىشنى باشلىشىڭىز كېرەك.
— جو ساباھ (لىۋان)

◆ يەڭگۈچىلەر بەل قويۇۋەتمەيدۇ، بەل قويۇۋەتكەنلەر يېڭەلمەيدۇ.
— ۋىنس لومباردى (ئامېرىكا)

◆ ئەڭ قاراڭغۇ كېچىمۇ ئاياغلىشىدۇ، كۈن ھامان چىقىدۇ.
— ۋىكتور خۇگو (فرانسىيە)




# مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدۇق


2022 - يىلى 15 - ماي يەكشەنبە كۈنى ئىستانبۇل فاتىھ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى ۋە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوللىشىدا ئۆتكۈزۈلگەن Fatih Ideathon مۇسابىقىسىگە UyghurSTEM نامىدا قاتنىشىپ بىرىنچى بولدۇق، ئەتىگەن سائەت 9:00 دىن كەچ سائەت 9:00 گىچە 12 سائەت داۋاملاشقان بۇ مۇسابىقە كوچىلاردىكى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش، قوغداش، ئىزدىملاش، بېقىش، تەربىيەلەش،... قاتارلىقلارنى باش تېما قىلغان بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى سۇنىدىغان مۇسابىقە بولۇپ، بىز بۇ مۇسابىقىدە ماشىنىنى پاناھگاھ قىلغان ھايۋانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىر روبوت پروجېكتىنى ياساپ سۇندۇق. بۇ مۇسابىقىگە قاتنىششقا 157 كىشى ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، بىز (ئىككى ئوقۇغۇچىمىز قوشۇلۇپ تۆتەيلەن) دەسلەپكى تاللاشتىن ئۆتكەن 97 كىشى قاتارىدا مۇسابىقىگە قاتناشتۇق، ئەسلىدە مۇسابىقىگە قاتنىشىش شەرتلىرىنىڭ ئىچىدە «قاتناشقۇچىلار 18 ياشتىن چوڭ بولۇشى كېرەك» دەيدىغان شەرت بولۇپ، توردا ئىزدىملىتىش باسقۇچىدا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋېدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمنى قاتناشتۇرغۇم بولسىمۇ ياش چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئىمكان بولماي قالغان ئىدى، مۇسابىقە باشلىنىشقا 10 سائەتتەك ۋاقىت قالغاندا مۇسابىقە تەشكىللىگۈچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇسابىقە مەيدانىغا زىيارەتچى سۈپىتىدە كېلىشىگە رۇخسەت ئالدىم. مۇسابىقە كۈنى ئەتىگەن سائەت 9:00 دا مۇسابىقە باشلانغاندا تەشكىللىگۈچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋېدىغان ئىككى ئوقۇغۇچىمىزنىمۇ رەسمىي قاتناشقۇچى سۈپىتىدە رەسمىي ماھىر سۈپىتىدە ئىزدىمغا ئالدۇردۇم. ئەسلىدە ياش چەكلىمىسىنى مۇسابىقىدىكى قانۇنىي تەرتىپ ۋە توختاملار ئۈچۈن بېكىتىپ قويغان ئىكەن. باشقا گۇرۇپپىدىكى قاتناشقۇچىلار بوغازئىچى ئۇنىۋېرسىتېتى، يىلتىز تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى،... قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى، دوختۇرلۇق، ماتېماتىكا، ئىقتىساد، پسىخولوگىيە،... قاتارلىق بۆلۈملىرىدە ئوقۇۋېدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياكى پۈتتۈرۈپ بولغان كىشىلەر بولۇپ، نەتىجىدە گۇرۇپپىمىزدىكى ئۆسمۈرلەر بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن رىقابەتلىشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى، باھالىغۇچىلار ھەر ئۈستەلگە ئايرىم-ئايرىم كېلىپ قىلغان ئىشلىرىمىزنى كۆرۈپ باھالاپ چىقتى. چۈشتىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق تاللاش بولۇپ، گۇرۇپپىلارنىڭ يېرىمى شاللىنىپ، سەھنىگە چىقىپ سۇنۇملىرىنى سۇنىدىغان 15 گۇرۇپپا تاللاندى، بىز بۇ 15 گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدىمۇ بىرىنچى قاتارغا تىزىلىپ ئەڭ ئاۋۋال سەھنىگە چىقىپ 5 مىنۇت سۆزلىدۇق، باھالىغۇچىلار فاتىھ رايونلۇق ھۆكۈمەت

باشلىنىقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرى ۋە ئادوۋكاتلاردىن تەشكىل تاپقان يەتتە كىشىلىك ھەيئەت بولۇپ سۇنۇمدىن كېيىن سورىغان سوئاللىرىغا ئۇلارنى قايىل قىلغۇدەك جاۋابلارنى بەردۇق، ۋاقىتنىمۇ دەل ئۇنۇملۇك پايدىلاندۇق، باھالىغۇچىلاردىمۇ ياخشى تەسىرات قالدۇردۇق.

بۇ مۇسابىقىدە كەلگۈسىدە قىلىشنى پىلانلىغان پروجېكت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش يېتەرلىك بولۇپ، ئەمەلىي پروجېكت ئىشلەش تەلەپ قىلىنمايتتى، بىز نەق مەيداندا ئەمەلىي ياساپ، كودىنى يېزىپ، ئىشلەيدىغان ھالەتتە تەييارلاپ پۈتتۈرگەن پروجېكتىمىز بىلەن باشقىلاردىن خېلىلا پەرق ھاسىل قىلدۇق. شۇ سەۋەبتىن مۇسابىقىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا دېگۈدەك بىزنىڭ پروجېكتىمىز مەيلى مەسلىھەتچىلەر ياكى باھالىغۇچىلارنىڭ بولسۇن ياكى بىز بىلەن ئوخشاش مۇسابىقىلەشكۈچىلەرنىڭ بولسۇن ھەممىسىنىڭ بەكلا قىزىقىشىنى قوزغىدى.

بىز ئەڭ دەسلەپ سەھنىگە چىققانلىقىمىز، سۇنۇم ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت توختىماستىن داۋام قىلغان ماھىرلارنىڭ سۇنۇمنى ئاڭلاش جەريانىدا ئەڭ دەسلەپ قالدۇرغان ياخشى تەسىراتىمىز باھالىغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا سۇسلىشىپ، بۇ مۇسابىقىدە بىز ئۈچىنچى ياكى ئىككىنچى بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم، بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلىكىمىز ئېلان قىلىنغاندا ھەممىمىز بەك خۇشال بولدۇق. مۇكاپاتىمىزنى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى پىروفېسسور دوكتور ماخمۇت ئاق ئەپەندى بەردى، پائالىيەت ئاخىرىدا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە پاراڭلاشتۇق، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر باللارغا بولغان قوللىشىغا رەھمەت ئېيتتىم، مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلىدى. بىرىنچى بولغانلىقىمىزنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يېنىمىزغا كەلگەن باشقا باھالىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىلەنمۇ ئايرىم پاراڭلىشىپ رەھمەتلىرىمىزنى بىلدۈردۇق.







# «بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى تۇنجى سانى نەشر قىلىندى

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قارمىقىدا يولۇنغان «قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى»نىڭ تەبىئىي پەن بۆلۈمىدىكى زىيالىيلارنى تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە «بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى ۋە ISSN: 2757-9492 خەلقئارا بىرلىككە نومۇر بىلەن رەسمىي تىزىملىككە ئېلىندى.



2020 -يىلى 21 - مارتتا، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىدىكى 100 دىن ئارتۇق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا «قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى» قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئىنستىتۇتنىڭ تەبىئىي پەن بۆلۈمىدىكى 50 دىن ئارتۇق پەن – تەتقىقاتچىلىرىمىز، ۋەتەندە تەبىئىي-پەن ئاممىباب ژۇرنىلى سۈپىتىدە 40 يىلدىن ئارتۇق نەشر قىلىنىپ 2017-يىلىدىن كېيىن نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان « بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى قوللىنىشچانلىقىنى كېڭەيتىش، مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم -پەننى ئاساس قىلىپ يۈكسىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنى ۋەتەن سىرتىدا داۋاملاشتۇرۇپ چىقىرىشنى قارار قىلغان ئىدى. بۇ خىزمەت ئارقىلىق ئانا تىلىمىزنى پەقەت ئائىلە، تاراتقۇ ۋە نەشرىياتلاردىلا قىسمەن قوللىنىپ قالماي، پەن – تېخنىكىدىمۇ ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھېلىھەم ئىلىم ساھەسىدە ئىشلەتكىلى


Knowledge is Power — biannual popular science magazine 1st Issue, 2020

Editorial

Honorary Editors

Dr Richat Abbas (Pfizer Inc., USA)

Dr Erkin Sidick (JPL/NASA, USA)

Editor in Chief

Dr Mamatimin Abbas Koktarim (CNRS, France)

Executive Editor

Dr Nimetcan Mehmet (Ankara Yildirim Beyazit University, Turkey)

Associate Editors

Dr Memet Emin (Columbia University Medical Center, USA)

Dr Abduxukur Abdurixit (Swisscom Ltd, Switzerland)

Dr Barat Achiruq (University of Oxford, UK)

Dr Ilyas Qasim (Australia)

Dr Tursunjan Yasin (Apple Inc., USA)

Dr Mohammed Ibrahim (Thermo Fisher Scientific, USA)

Dr Kaiser Mejit (Harvard University Affiliated Hospital/Roxbury Community College, USA)

Dr Mamatjan Yasin (Princess Margaret Cancer Centre, Canada)

Dr Mahmutjan Litip (Uyghur Elite Education, Turkey)

Editors

Dr Ablet Semet (EuroAsia-Silkroad Business & Culture Ltd., Germany)

MA Mihray Osman (Istanbul University, Turkey)

MSc Uyghuriye Alp (King's College London, UK)

Design & Web

Dr Barat Achiruq (University of Oxford, UK)

Publishing Manager

MSc Abdulhamit Karahan (Presidency for Turks Abroad and Related Communities, Turkey)

Publisher

Kutadgu Bilig Institute

ISSN: 2757-9492

Email: bilimkuchjournal@gmail.com

Web: https://bilimkuch.org

بولىدىغان ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك ۋە پاساھەتلىك بىر تىل ئىكەنلىكىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە نامايان قىلىش ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرى رەئىسى دوكتور رىشات ئاببas «بىلىم-كۈچ » ئۈچۈن يازغان بېغىشلىمىسىدا مەرھۇم دادىسىنى ئەسلەپ« مەلۇم بولغىنىدەك ، ھاياتلىق ئىلمىنىڭ ئالىمى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىسى ۋە ئالىي مۇھەررىر، مەرھۇم دادام ئاببas بۇرھان (1932-2010)، ۋەتىنىمىزدە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى روناق تاپقۇزۇش شۇنداقلا خەلقىمىزنى بىلىم بىلەن كۈچلەندۈرۈپ، مىللىتىمىزنى خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە، 1980 – يىلى «بىلىم-كۈچ » ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىپ، 10 نەچچە يىل مەسئۇل بولۇپ، «بىلىم-كۈچ »، «پەن ۋە تۇرمۇش » ئىسىملىك ژۇرناللارنى نەشر قىلدۇرغان ئىدى. «بىلىم-كۈچ» ئەينى ۋاقىتتا، ۋەتەندىكى ياشلارنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان قىزىقىشىنىڭ قوزغىلىشىدا، ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر پەن- تەتقىقاتچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىدى. بۇ ژۇرنال ۋەتەندە جەمئىي 400 ساندىن ئارتۇق نەشر قىلىنىپ، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى توختاپ قالغان بولسىمۇ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ ژۇرنالنى چەتئەلدە قايتىدىن نەشر قىلىشى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن دادامغا ئوخشاش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەن – تېخنىكىدا قۇدرەت تېپىش ئىستىكىدە يول ئېچىپ ماڭغان بۇيۈكلىرىمىزنىڭ ئىزىنى داۋاملاشتۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ » دەپ يازىدۇ.

ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى دوكتور مەمەتئىمىن ئاببas ژۇرنال ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆزىدە «بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پەن-تېخنىكا بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ پەن تېخنىكىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاشتا، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن.

ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى خەلقئارادا تونۇلغان قۇرۇلۇشلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئاكتىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئەسەر قوبۇل قىلىش ۋە باھالاش ۋە ئېلان قىلىش ئۇسۇللىرى ژۇرنالنىڭ رەسمىي تور بېتىدىن ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

**مەنبە:**

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تورى https://www.akademiye.org/ug/?p=161681
«بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى تورى https://bilimkuch.org/

# «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرى*



نەفىسە تۇردى، 9 ياش، فىنلاندىيە



ناجىلا ئىمىن، 10 ياش، ئاۋستىرالىيە



زەرىنە ھوشۇر، 11 ياش، ياپونىيە



مۇخلىسە ئابدۇكېرىم، 10 ياش، ئامېرىكا



نازاكەت ئوغۇز، 10 ياش، ئامېرىكا



سۇلتانە ئاخمەت، 8 ياش، لوندون



ئۇيغۇرئاي غېنى، 10 ياش، گوللاندىيە



زەفىرە ھوشۇر، 8 ياش، ياپونىيە

* «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرى مەرۋايىت ھاپىز مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىزغان رەسىملىرى.



هايات كۈلكسى



قەدىناسلار